ئابدۇللا ئېلى

# سۆيگۈ يادنامىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇللا ئېلى

# سۆيگۈ يادنامىسى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## 图书在版编目(CIP)数据

爱情碑铭/阿布都拉.艾力著. —乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2002.8
ISBN 7—228—07388—6

Ⅰ.爱... Ⅱ.阿... Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—
维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.Ⅰ227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 053630 号

责任编辑:艾则孜.吐尔迪
封面设计:艾克拜尔.沙力
责任校对:阿达来提.买合苏提

**爱情碑铭** (维吾尔文)
阿布都拉.艾力 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐市晓名纸品印刷有限公司
787×1092 毫米 32 开本 3.75 印张 2 插页
2002 年 8 月 第 1 版 2002 年 8 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN7—228—07388—6/I.2637 定价:7.00 元



دۇنيا بىر كارۋات، بىز ئۇنىڭدا رەڭدار چۈش كۆرگۈچىلەرمىز. بىز بۇ چۈشلەر قوينىدىكى ماكان، زاماننىڭ ئوخشاشمىغان ۋاقىتلىرىدا خۇدا بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. خۇدادىن كەلگەن ۋەھىيلەر سىرلىقلىقى بىلەن گۈزەللەشكەن مەۋجۇتلۇقىمىزنى چەكسىزلىككە ئۇلاشتۇرىدۇ. مېنىڭ شېئىرلىرىم ئاشۇ ۋەھىيلەر جۇغلانمىسىنىڭ قەلبىمدىكى چوغلىنىشى، روھىمنىڭ زاھىرلىق بىلەن باتىنلىق چېگرىسىدىكى پارتلىشىدۇر...

بۇ كىتابىمنى دادام ئېلىجان ھوشۇر ۋە ئاپام ئايشەمگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ياش شائىر ئابدۇللا ئىبلى 1974 - يىلى 11 - ئايدا ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ چاغراق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسىدا تاماملىغان. 1993 يىلى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز يېزىسىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا تولۇق كۇرستا بىلىم ئاشۇرغان. ھازىر ئونسۇ ناھىيە ساۋاپچى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئابدۇللا ئىبلى 1991 - يىلى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «قەلبىمدە بار بۈيۈك ئىستەكلەر» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 200 پارچىغا يېقىن شېئىر، ھېكايە، نەسر، ئەدەبىي ئوبزور، ئىلمى ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ئىجتىمائىي تېمىدىكى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «شىنجاڭ ياشلىرى» دىكى بىر تۈركۈم ماقالىلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان.

ئۇ ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى

# مۇندەرىجە

ئۇچىنچى لىرىكا ........................................ 1
ئەسلىمە ۋە مەن ........................................ 2
تەزكىرە ........................................ 3
ئاي مارىغان ھېلىقى ئاخشام ........................................ 4
قۇم ئادەم ناخشىسى ........................................ 5
يۇلتۇز تىلەش ........................................ 6
ئوقۇتقۇچىلارغا سالام ........................................ 7
مىسراغا يوشۇردۇم ئۇنىسىز سۆيۈشنى ........................................ 8
باھار يامغۇرى ........................................ 9
ناخشا ئېيتتىم بۇگۇنمۇ يەنە ........................................ 10
قىشتىكى تومۇز ........................................ 11
يىتكەن ياشلىق ........................................ 12
ئۇيغۇر قىزىغا ........................................ 13
تاقەتسىز ئۇندەش ........................................ 14
قەلبىمدىن ئوقچىيدۇ خىيالچان سادا ........................................ 15
تورغاي قىسسىسى ........................................ 16
مۇمكىنسىز كۇتۇش ........................................ 17
ئۇچىنچى كۆرۈنۈش ........................................ 19
ئايلىنىش ........................................ 20
ئەقىدەمنى بەرگىن قايتۇرۇپ ........................................ 21
تېلېفون كۇتۇش ........................................ 22
سەپەر ........................................ 23
تونۇشۇش ........................................ 25

سەن قەلبىمدە نازاكەتلىك پەرىزات ........................ 26
ئۆزىنى ئىزدەش ........................................ 27
سەرگۈزەشت ........................................ 28
يىغىلىنىش ........................................ 29
ئويغاق ياتقان خىياللار ........................................ 31
گۈگۈم ناخشىسى ........................................ 32
يېگانە ئۆي ........................................ 33
ئىسپىيلىك ........................................ 34
قاناتسىز پەرۋاز ........................................ 35
ستېرېئولۇق بوشلۇق ........................................ 38
باياۋانغا قايتىش ........................................ 39
سىلكىنىش ........................................ 40
كېسىشكەن نۇرلار ........................................ 41
سۇزۇلگەن سۇبھى ........................................ 42
تۇغۇمىغا قايتىش ........................................ 43
قەلبىمگە سىغمايدۇ ھەسرەت دېڭىزى ........................................ 44
ئىنتىلىش ........................................ 45
كەچكۈز لىرىكىسى ........................................ 46
سۆيگۈمىزدە قىشقا ئورۇن بەرمەيلى ........................................ 47
قىينالمايلى ئەمدى بۇنچىلا ........................................ 48
مەنتىقىدۇر بۇمۇ ئۆزگىچە ........................................ 49
ئاي ئاخىرى ........................................ 50
سەھەردىكى چۈش ........................................ 51
پارچىلىنىش ........................................ 52
قىرقىلغان سۈكۈت ........................................ 53
يۇيۇلۇش ........................................ 54

كېسەل...................................................... 55
مەن قوشوقمەن، سېنى ئىزدەپ هارمىغان.............. 56
قاسراق لىرىكىسى .......................................... 57
خوش دېمىگىن، خوشلاشما مەندىن.......................... 58
هايات پەلسەپىسى............................................. 59
بېلىقچى رىۋايىتى .......................................... 60
ۋۇجۇد ئەركىسى............................................... 62
كېچىدىكى سېغىنىش ......................................... 63
يامغۇردىكى سۆيگۈ .......................................... 64
مېنى سۆيۈپ قالغاندەكلا قىلىسەن .......................... 65
ئىككىنچى تۇغۇلۇش ......................................... 66
ئايرىلساقمۇ ۋەلېكىن ئايرىلمىدى قەلبىمىز.............. 67
ئازاب تېۋىنىشلىرى.......................................... 68
جانان قەسىدىسى............................................. 69
ۋىسالسىز سۆيگۈ.............................................. 70
ئون ئالتىنچى لىرىكا ........................................ 71
تاڭ لىرىكىسى................................................ 73
مىسرالىرىم گۈزەل تېز سىزما .............................. 74
سوراپ يۈرمە مېنى قايتىلاپ ................................ 75
سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇز بىرىگە تېز سىزما..................... 76
خىلۋەتتىكى جۇپ ئورۇندۇقتا............................... 77
هىجران تەشۋىشى ........................................... 78
سېنىڭ ئاشۇ خاپىلاشلىرىڭ................................... 79
شائىرلىقىم ئەمەس ئەپسانە................................... 80
ئويىبۇلاقتا تۇغۇلغان سۆيگۈ ................................ 81
ئازاب كۈيى.................................................. 82


كۆمۈلمەس ئىز ........................ 83
ۋەتەن قەدرى ........................ 84
مەن شەھەردىن يىراق بىر جايدا ........................ 85
بوۋاي، دەرەخ، مەن ........................ 87
ياشلىق سۆيگۈسى ........................ 88
شاراب بەندىسى ........................ 89
ئەجەل تەشۋىشى ........................ 90
قەلبىم گويا خرۇستالدەك يالتىراق ........................ 91
كېچىدىكى شائىر ........................ 92
غىلاب بەندىسى ........................ 93
توپ سېتىش بازىرى ........................ 94
مىسرالىرىم سىلەرگە سوۋغات ........................ 96
يىگىرمە بەش يېشىمغا ........................ 97
شېئىر ۋە مەن ........................ 98
چاقىلىقتا بىر يۈرەك قالدى ........................ 99
سەھرادىكى شائىر مۇئەللىم ........................ 100
ئاياللار ئىستېپلاسى ........................ 101
كىملىكىم ........................ 103
هامىلە ........................ 104
ئەلۋىدا، شائىر ئاكا ........................ 105
ئون بىرىنچى دېكابىر خاتىرىسىگە ........................ 107
قار ياغماقتا كوچىغا ........................ 108
سۆيگۈ يادنامىسى ........................ 110

# ئۈچىنچى لىرىكا

دىلىمگە رەڭ بەرگەن ئون سەككىز يېشىم
ئىدىڭغۇ سۆيۈملۈك، گۈزەل شۇ قەدەر.
يۈرەكنى ئازابلاپ ئۆرسەن خەنجەر،
تۈنلەردە يولۇقساڭ چۈشۈمگە ئەگەر.

بىلمەستىن ھاياتنىڭ قىسمەتلىرىنى،
تەنھالىق ياتلاشتى ئوتلۇق كۈي بىلەن.
پۈتۈلدى ياشلىقنىڭ ئاپئاق بېتىگە
يېڭى بىر ھېكايەت يېڭى ئوي بىلەن.

ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆتەر كەچمىشىم،
جىلغىلار بويلىغان بەڭۋاش ئېقىندەك.
بۇ ئاددىي پەلسەپە، ئۆلەرمەن بىر كۈن،
دانتىسنىڭ ئوقىنى يېگەن پوشكىندەك.



# ئەسلىمە ۋە مەن

باغ ئارىلاپ چىمەنلەرنى كەزگەندە،
مەيىن شامال سۆيۈپ ئۆتتى يۈزۈمنى.
كۆڭۈل پىنهان بىر تىترەشنى سەزگەندە،
ئەيىبلىدىم گۇناهكار دەپ ئۆزۈمنى.

گىياهلاردا چاقناپ تۇرغان شەبنەملەر
بەلكىم ئاشۇ ناتىۋاننىڭ كۆز يېشى.
تۆكۈلگەندۇ ئىزتىراپلىق يۈرەكتىن،
ئازابلارغا تولغان بولسا ئۆتمۈشى.

مەيۈس باقار چوڭقۇر خىيال سۈرگەنچە،
بىر چاغلاردا قايناپ تۇرغان شوخ بۇلاق.
ياشلىقىمنى ئەللەيلىگەن قىسمەتتىن
چۆچەك توقۇپ شىۋىرلايدۇ تۆت قۇلاق.

ئويلىدىم مەن: «دولقۇنىدا هاياتنىڭ
چۆمۈلگەندۇ تالاي قېتىم ئۇ يەنە».
كېتىپ قالدىم ئەلەم بىلەن ئاستىلا،
خەيرلەشتى مەجنۇنتاللار سۈسقىنە.



# تەزكىرە

ئۆتتى يىللار مىڭلاپ، مىليونلاپ،
دەستە - دەستە پۈتۈلدى تارىخ.
تەكلىماكان، تەڭرىتاغلىرى
تالاي - تالاي قىسمەتكە شاھىت.

سۆزلەپ بېرەر قۇم بارخانلىرى،
ئوغۇزخاننىڭ يۈرۈشلىرىنى.
ئېيتىشىدۇ رىۋايەت قىلىپ،
ئىسكەندەرنىڭ ئۇرۇشلىرىنى.

دولقۇنلايدۇ تۇمەن دەرياسى،
تارام - تارام قۇيۇلغان ياشتىن.
سۇكۇناتقا تولغان خانتەڭرى،
ئاچچىق كەچمىش ئۆتكەچكە باشتىن.

شۇنداق، بۇلار ھەممىسى تارىخ،
بالىلىقى ئويچان بۈگۈننىڭ.
ھەربىر گىياھ، ھەر زەررە تۇپراق
يۈرىكىنىڭ پارىسى ئۇنىڭ.


كەچمىشلەرگە بايدۇر بۈگۈنمۇ،
سۆزلەپ بەرسە چۆللەر ئەگەردە.
خۇددى مورگان ئېيتىپ ئۆتكەندەك،
«ھاياتلىقنىڭ سىرى بۇ يەردە».

# ئاي مارىغان ھىلىقى ئاخشام

ئاي مارىغان ھىلىقى ئاخشام
سۆكۆتلەرگە بەرگەن خاتىمە.
ئورناپ قالغان بىر جۈپ يۈرەككە،
ساپ ھىسلاردىن گۈزەل ئەسلىمە.

ئوتلۇق ۋىسال تىنىقلىرىدا
مۇھەببەتتىن بولغاندۇق لال.
ھەۋەس بىلەن قالغان زوقلىنىپ،
ياپراقلاردىن مارىغان ھىلال.

يوللىرىمدا شۇنىڭدىن بېرى،
ئۈزۈلمىدى يالقۇنلۇق ناخشام.
ئىسىۋالدىم سۆيگۈدىن تۇمار،
ئاي مارىغان ھىلىقى ئاخشام.



# قۇم ئادەم ناخشىسى

تۇرسەن ئوتقاشتەك يالتىراپ،
قۇملۇقلار باغرىدىن سوزۇلۇپ.
زىلال سۇ ھىدلايدۇ جىسمىڭنى،
ئۆتەرسەن پاكلىقتا يۇيۇلۇپ.

ئەسىرلەر ياشىدىڭ گىگانت،
ئالەمنىڭ نەپسىگە سەن شاھىت.
قۇچاقلاپ ياتىسەن قوينۇڭدا
قىل سىغماس ھەقىقەت، بىر تارىخ.

قۇياشنىڭ تەپتىدىن نۇرلىنىپ،
چاقنىغان رەڭ تۈزۈپ كائىنات.
مۇقەددەس خىسلىتىڭ سېھرىدىن،
ياشنىغان كۆلكىدە گۈل ھايات.

تۇرسىمۇ بورانلار ھۇۋلىشىپ،
ئېگىلمەس زەبەردەس قەددىڭنى.
مېھرىڭدىن كۆز ئاچقان مەۋجۇدات،
قالدۇرماس سۈت بەرگەن قەرزىڭنى.

چېلىنۇەر ئىلاھى كۈيۈڭگە،
يىلتىزىڭ يالقۇنلۇق كۈي قاتسا.
ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن زېمىندا،
قۇملۇقتىن باشلانغان شوخ ناخشا.

# يۇلتۇز تىلەش

سەن
ئون سەككىزگە تولغان قىزچاقتەك،
كۈلۈپ باققىن ماڭا قايتىلاپ.
مۆڭلانمىسۇن ھېسلىرىڭ
تىنىقلىرىم باغرىدا،
چوغ رەڭگىدە كېتەيلى ئېرىپ،
پاك سۆيگۈمىز قالسۇن غۇنچىلاپ.




# ئوقۇتقۇچىلارغا سالام

ئالەمدىكى گۇل - گىياھ، بارچە ئەنبەر، مەۋجۇدات،
گۈزەللىككە تويۇنغان، قۇياش بىلەن رەڭلىنىپ.
كۆكلەپ كەلدى نەپەسلەر نۇر - زىيادىن مۇقەددەس،
قەلبلەرگە هارارەت، ئۇتلۇق سۆيگۈ تەڭلىنىپ.

ئوقۇتقۇچى قۇياشتۇر، پارلاۋاتقان توختاۋسىز،
ۋۇجۇدىدا مىڭ قۇياش تەپتى تۇرار يېلىنجاپ.
سېپەلىسە نۇرىنى سەبىيلەرنىڭ دىلىغا،
ئۇ خۇشالدۇر ئالەمچە، چەكمەس ۋايىم ۋە ئازاب.

كۆك بۇلاقتا زەر قۇياش، يەردە بولغاچ باغۋەنلەر،
مەزمۇن تاپقان هاياتلىق ئەلمىساقتىن بۇگۇنگە.
بولسا ئەگەر دۇنيادا شەرەپلەرنىڭ ئالىيسى،
ئوقۇتقۇچى لايىقتۇر بۇ شەرەپكە مەڭگۇگە.



# مىسراغا يوشۇردۇم ئۈنسىز سۆيۈشنى

مەن سېنى سۆيەتتىم چەكسىز تېۋىنىپ،
جىسمىڭنى ئۆزۈمگە بىلەتتىم مەبۇد.
مەن سېنى سۆيەتتىم شۇنداق ئەسەبىي،
روھىمنى ساڭىلا قىلىپ تەۋەللۇت.

سەن ئۈچۈن سوقاتتى مەندىكى يۈرەك،
ۋىسالىڭ كۆزىدە يۇلتۇز ساناشقا.
سەن ئۈچۈن ئاقاتتى تومۇردىكى قان،
تۇغانغا پەرۋاسىز دولقۇن ياساشقا.

بولمىدى جەم بولۇش پۇرسىتى ماڭا،
ۋاقىتسىز ئايرىلىپ كەتتۇق يىراققا.
قېپقالدى سۆيگۈمدىن ئاچچىق ئەسلىمە،
ۋۇجۇدۇم ئەلەمدە تولدى پىراققا.

كۆڭلىرىم ئالمىشىپ ئۆتسىمۇ رەت - رەت،
بىلمىدىم تەشۋىشسىز تاتلىق كۈلۈشنى.
يازمىغان بولسامۇ «يۈز يىل غېرىبلىق» ،
مىسراغا يوشۇردۇم ئۈنسىز سۆيۈشنى.



# باھار يامغۇرى

ئارچىلىق باغلارنىڭ چىچىنى تاراپ،
چۈشمەكتە سىمىلداپ باھار يامغۇرى.
كۆكۈللەر ياشىرىپ كۈلگەن مەۋجۇدات
شاد بىلەن باقىدۇ گىياھ كۆزلىرى.

ئېگىلىپ نازغىنتار يۇمران مەجنۇنتال،
زېمىننىڭ باغرىنى سۆيۈپ قانماقتا.
يامغۇردىن گۈزەللىك لىباسى ئارتقاچ،
ئوخشىشىپ قالماقتا لىۋەن قىزچاقتا.

پاكلىقتا لەھەتكە قىلىپ نەزىرە،
چۇرۇقلاپ قۇشلارمۇ كۈلمەكتە خەندان.
تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ ئالماقتا نەپەس،
ساپ ھاۋا بەھرىدىن سۆيۈنۈپ ماكان.

دىلىمدا ئويغانغان تاتلىق خىياللار
پەر قېقىپ ئۇچماقتا چەكسىز يىراققا.
سەھەردە باشلانغان باھار يامغۇرى
قۇيۇلۇپ بارماقتا جىممىدە ماڭا.



# ناخشا ئېيتتىم بۇگۇنمۇ يەنە

ناخشا ئېيتتىم بۇگۇنمۇ يەنە،
تۇمان باسقان غېرىب كۇلبەمدە.
لەرزانغىنا ساماۋى بىر كۇي
سۇغىرىلغاندى مېنىڭدە.

ناخشىلىرىم تۇرسىمۇ ياڭراپ،
دىققىتىنى قويماس ھېچنېمە.
تۇمانلارغا كېتەر سىڭىشىپ،
يالغۇز ئۇچقان قۇشتەك جىممىدە.

چۇشلىرىمدە قانچە - قانچە رەت،
كەزگەنىدىم رەڭدار دۇنيانى.
ئىچىپ يۇرگەن ئوچۇم - ئوچۇملاپ،
جانغا راھەت سۇزۇك سۇلارنى.

چۇش ئەمەسكەن رېئاللىق بىراق،
كېچە قوينى تولسىمۇ چۇشكە.
پايخانلىرىم چېقىلدى بىر - بىر،
ھەۋەسلىرىم كەتتى ئۆچۇشكە.

ناخشا ئېيتتىم بۇگۇنمۇ يەنە،
بولمىسامىمۇ ناخشا خۇمارى.
ئايغىمدا تۇرار تاشلىنىپ،
مۇھەببەتنىڭ كونا تۇمارى.

# قىشتىكى تومۇز

ئايلانماقتا ئوت تىنىقلىرىم،
پىرچەڭگىنىڭ ناخشىلىرىغا.
زەر ئۆپۈقتىن يېقىملىق بىر كۈي
چاقىرماقتا ئىلاھ يېنىغا.

تاغ كۆكسىدە پارلىغان قۇياش
كۆزلىرىمگە ئورناشتى بۈگۈن.
نۇر، زىيادىن تىرىلىپ ھەۋەس،
يېشىلمەكتە ئاداققى تۈگۈن.

ئېرىپ كەتتى كۈزدىكى ئۈششۈك،
ئېرىپ كەتتى قەلبىم قارلىرى.
ئوتلۇق دەمدە كەتتى يۈيۈلۈپ،
ئۆتمۈشتىكى سۆيگۈ داغلىرى.

بارماقتىمەن يىراقلاپ ئاستا،
ئىزلىرىمدىن گۈللەر تۆكۈلۈپ.
رەڭدار ھايات ساھىللىرىدا،
ئامرىقىمنىڭ لېۋىگە سۆيۈپ.



# يىتكەن ياشلىق

بەرگەنىدىم ساڭا يازغان خېتىمنى،
ئورماندىكى ئويغاق ياتقان قۇشلارغا.
تاپشۇرغان ھەم ساڭا بولغان سۆيگۈمنى،
بۇندا ئۆتكەن ئويناق ئەركە شامالغا.

ئەپسۇس دەيمەن، ئۆكۈنىمەن ئۆزۈمدىن،
ئالدامچىكەن ئۇلار ئەسلى ۋاپاسىز.
كەچۈر مېنى، ئوغرىلاندى ياشلىقىم،
قىلىپ قويدۇم پاك سۆيگۈڭنى ساپاسىز.



# ئۇيغۇر قىزىغا

يارىلىشىڭ سۈزۈك، بىغۇبار،
تەنلىرىڭدىن تارايدۇ ئىپار.
بار كائىنات لىۋەنلىكىڭدىن
سۈلكىتىگە گۈزەللىك قاتار.

نازاكىتىڭ ئاجايىپ تاتلىق،
بويلىرىڭدۇر ھىلال ئاي سىياق.
كۆزلىرىڭدىن چاقنار ئاتەشلەر،
كىرپىكىڭدۇر جۈپ بەرگى قىياق.



# تاقەتسىز ئۈندەش

تۇرۇپ قالدىم ئەجەب تىڭىرقاپ،
ئۆز - ئۆزۈمگە قاراپ يوچۇنلا.
دائىم خىيال سۈرىمەن تەنها،
كەچمىشىمنى چۈشلەرگە ئوراپ.
ھېچ بىلمىدىم
تۇغۇلدۇممۇ شۇنىڭ ئۈچۈنلا؟
قولۇم بىلەن سالغان كۆچەتتە
چېچەك بارۇ، ئەپسۇس مېۋە يوق.
رەنجىمەيمەن بۇنىڭدىن ئەسلا،
رەنجىش راۋا بولمايدۇ ھەتتا،
غاپىللىقتا
بەك ئۆزىراپ كەتتىغۇ ئۇپۇق.
يىغلىۋالاي
يۈرىكىمنى ئۆرتىدى پىغان،
ھەم
ئۇنىڭدىن تامچىلىدى قان.
ھېلىغىچە كىچىك بالىمەن
ئېمىزگىدىن ئايرىلالمىغان،
ئاھ، قاچانمۇ
يېتىلەرمەن بولۇپ نەۋقىران؟

# قەلبىمدىن ئۇقچۇيدۇ خىيالچان سادا

قەلبىمدىن ئۇقچۇيدۇ خىيالچان سادا،
يۈرەككە مۇڭ تۆكەر كۈيلەرگە تولۇپ.
تەشنالىق ئىلكىدە قىلىدۇ نىدا،
كەچمىشىم قالدۇرغان ئىزلارنى بويلاپ.

پۈچۈلاپ يۈرەكنى ئۆرتەيدۇ پىغان،
سۈكۈتكە مۈپتىلا غۇبارسىز قەلبىم.
توساقلار قورشىغان، چاتقال چىرمىغان،
يوللىرىم كۈرەش دەپ تۇرار بىتىنىم.

كۆزۈمگە ئۈيۈشقان يالقۇنلۇق قۇياش،
پىراق ھەم ئەلەمدە چاچار نۇر - زىيا.
باغلاقتا كۆنمىگەن تۇسۇن تاي ئوخشاش،
قەلبىمدىن ئۇقچۇيدۇ خىيالچان سادا.



# تورغاي قىسسىسى

كۈندە تەكرار ئاڭلىنار دائىم
بوز تورغاينىڭ چۇچۇلاشلىرى،
ئۆزىچىلا سۆزلەيدۇ تىنماي،
بىراق ھېچكىم ئاڭلىماس ئۈنى.
تىللاپ چىقار باشقىنى بىر - بىر
ئاڭلىمىدىڭ سىمفونىيە دەپ،
بەك بىچارە
غېرىبلىقتا ئۆتىدۇ كۈنى.
ھۆرپەيگەن پەيلىرى
كۆزىدە ئىگىرىغان پۈتكۈل كائىنات،
بەزىدە ئۆزىگە بېرەر تەسەللى:
«توختىغىن،
گۈزەل ئەمەسمۇ بىزنىڭ بۇ ھايات!»
ئۆگىنىشنى ئويلايدۇ ھامان
شوخ بۇلبۇلنىڭ نەۋ ئاۋازىنى،
ئۆگىنەلمەي تېخى ئاۋارە،
بىراق ئويلار چۈشىدە
شوخ بۇلبۇلنى ئۆزىدەك.



# مۇمكىنسىز كۈتۈش

كەل
مېنىڭدىكى سۆيۈملۈك ھېسلار،
ئايدىڭدىكى ئاداققى كۈتۈش
كېچىدىكى نۇردەك تۆكۈلۈش.

كەل
ئۆكسۈپ قالغان غېرىب ئارمانلار،
سۆيۈپ قويغىن لېۋىمگە تاتلىق.
توختات ئەمدى كۆز ياشلىرىڭنى،
ئازابلارنى قاپلىسۇن شادلىق.

كەل
قاشتېشىدەك ئۇماق ياتسىراش،
قىزىل چىراغ يېنىپ قالغاندا
يول تاپالماي مەۋھۇم تېڭىرقاش،
تاسادىپىي ئۆزىنى بايقاش.

كەل
بىدارلىقتا مەخپىي تېۋىنىش،
ھاياتلىققا تەكرار يېلىنىش.
ئۇن سەككىزگە تولغان قىزچاقتەك،
چۈچۈككىنە مەنىلىك قىيداش،
كوچىدىكى تىلەمچىلەردەك
قائىدىنى يالغاندىن ئاياش.

كەل
كەل تەكرارلان گۈزەل كەچمىشلەر،
سۈرىتىمنى سىزغىن قايتىلاپ.
رەڭ تاللىغىن ياۋايىلىقتىن،
بەتلىرىمنى سۈرتۈپ قوي ساقلاپ.

كەل
كېلىشىڭدىن تۇغۇلار چوقۇم
كۆزىنىكىدىن يېڭى بىر سەھەر.
ئۆز - ئۆزۈمدىن قالارمەن ئېزىپ،
خۇيلىرىمدىن كېتەرمەن تېزىپ.
يوقىلارمەن شۇچاغ دۇنيادىن
كۈتمىشىمگە يەتكەندە ئەگەر.
كەل...



# ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

لىۋەنلىكنىڭ ئاداشتۇرار كۆزلەرنى،
يوقىتىدۇ رىتىمنى ئۇت نەپەس.
ئوۋچى ھېسلار تاراچلايدۇ جىسمىڭنى،
سۇلكىتىڭگە گىرەلىشىپ بىر قەپەس.

ھەر بېقىشىڭ دىلدا قوزغار قىيامەت،
سېھرىڭ بىرلە ھوشسىزلىنار كائىنات.
شوخ تەبەسسۇم چىللاپ كېلەر پاك سۆيگۇ،
كۇلكە بىلەن سۆيۇملۇكتۇر گۇل ھايات.

مەھكۇمەڭدا ياتار ھەممە تولغىنىپ،
سەنسىز توختار مەۋجۇداتىنىڭ تىنىقى.
نۇرغا تولار يارالمىشلار سېنىڭدىن،
سەن ئالەمنىڭ ۋېنېراسى، چىرىغى.



# ئايلىنىش

ئاداشتۇرۇپ قەدەملىرىمنى
يۈرمەكتىمەن
ستۇدېنت ئوربىتىسىدا.
بىر فوكۇسۇم يېگانە ياتاق،
قالغانلىرى سىنىپ، ئاشخانا.

ئېچىشتۇرار دىماغلىرىمنى
شەنبە پۈتكەن تەۋەررۈك سۈرەت.
ئەسلىسىگە قايتقان گۈزەللەر
دېرىزەمدىن ئۆتۈشەر رەت - رەت.

ئۆكسۈگەندە مۇزلىغان قەلبىم
گاھى - گاھى قويىمەن بەزلەپ.
سۆزلەپ بەرسەم ئازابلىرىمنى
ئىئوناچە تاملارغا سۆزلەپ،
ئېھ، شۇندىلا
ھەسرەتلىرىم قالار يېنىكلەپ.



# ئەقىدەمنى بەرگىن قايتۇرۇپ

چىللاپ كەلگەنىدىڭ سۆيگۈمنى،
يۈرىكىمنىڭ چۈشىنى بۇزۇپ.
ئالىمىڭدە يۈرسەم تېۋىنىپ،
سىڭىپ كەتتىڭ بوشلۇققا توزۇپ.

قەلبىم ئىزدەر تىنىقلىرىڭنى،
كەچمىشلىرىم بېتىنى كېزىپ.
لىۋەنلىكىڭ قىلغاندا ئەسىر،
خىياللىرىم قالدۇ ئېزىپ.

بولغىنىمدا قېشىڭدا زاھىر،
سوغ نەزىرىڭ تۇرار تاشلىنىپ.
جىمجىتقىنا ئۇزارمەن ئۇندا،
چوقانلىرىم قالار ياشلىنىپ.

يىغلاتمىغىن تەبىئىتىمنى،
چاڭقاقلىقىم كەتسۇن تويۇنۇپ.
يا مېھرىبان ئىلاھى سۆپەت
ئەقىدەمنى بەرگىن قايتۇرۇپ.



# تېلېفون كۆتۈش

ئازابلىقتۇر، ئازابلىق بۈگۈن
ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كۆتۈش،
ھەسرىتىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇش.

خىيالىڭنى قويار ئەللەيلەپ
گىرەلەشكەن تېلېفون سىمى.
يىراقتىكى سۆيۈملۈك بىر خەت
ئۆچۈپ كېلىپ قالسا ناۋادا
تىپچەكلەيسەن ئۇنتۇپ ھەممىنى،
يادلايسەن ئاچمايلا ئۇنى.
دولقۇنلىتىپ تىنىقلىرىڭنى،
تۆنىنىشنى يوللايسەن تېزدىن،
سەھرادىكى ئېكرانلىرىڭغا
تېۋىشىڭنى چېكىپ قايتىدىن.
كۈتمىگىنىڭ كېلەر گاھىدا
قەلەملىرىڭ قالار كېكەچلەپ،
مۇمكىنلىكىكە يېقىندۇر بەكلا
سۇرىتىڭنى سىزالماسلىقىڭ.

ئازابلىقتۇر، ئازابلىق بۈگۈن
ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كۆتۈش،
ھەسرىتىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇش.

## سەپەر

يىشىندۈردۈم كۆزلىرىمنى
بالكونغا يۆلەنگەن تونۇش ئاشۇ چاغ،
روھىيەتتىنىڭ روجەكلىرىدە
سىلىدىم
ئاستا پەپىلەپ،
ئۇيقۇسىنى بۇزدۇم كىچىنىڭ.
مەندىكى خىيال
ئۇچراپ قالدى بۇياقتا
پەردىسىدە گۇگۇمىنىڭ،
نەقىشلەنگەن تاش مۇنارلار بوسۇغىسىدا.
توپلانماقتا خاتىرىلىرىمگە
دەقىقىلىك سۇرەتلەر
بوشلۇقلار
چۇچۇك تىلدا توقۇلغان ھېسلار.
كۆردۈم دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن
يالىڭاچلانغان بەدەنلەرنى،
ئەكسىگە قايتقان رىتىملارنى.
كېچىدىكى چىراغ نۇرىدا
يالغۇز ئولتۇرغان تىلەمچىنى ھەم.
قاياقتىندۇر
ئاڭلىنىدۇ ئەنسىز مۇناجات،
تاپماقچىدەك
ساتماقچىدەك.
سىرتماققا ئېلىنغان ھايات،
ئۇ ئەمەستۇر مېنىڭ كۆلەڭگەم.

قېنىم ئوخشاش ئەمەستۇر ئەسلى،
چۈشلەر ئاتا قىلسا ناۋادا
تېپىچەكلىگەن تىنىقلىرىمدا
يۈرىكىمنى قىلىمەن قەتلى.
يىغىۋەتتىم گەردىشىمنى،
قۇلۇپلىدىم ھەم
تاپتىن چىققان خىياللىرىمنى.
قىيا ئاچقان دېرىزە يۈزى
نىگاتىپنى بەردى قايتۇرۇپ،
يۇيۇۋېدىم روھىمنى نۇردا،
سىڭىپ كەتتىم
كارىدورنىڭ جىمجىتلىقىغا.




# تونۇشۇش

چىرايلاردا مەۋھۇم تەبەسسۇم،
ھۆكۈم سۈرەر ئېغىر سۈكۈنات.
يۈرەكلەرنى تىڭشاپ قەلبلەر،
ئۆتكۈزۈشەر تۈنجى رەت پارات.

ئۇچقۇندايدۇ كۆزلەردە بىر ئوت،
ئىزدەپ چىقار سۆيگۈگە تەخت.
چۇلغۇۋالار تاتلىق خىياللار،
روھلار كۈتەر تۇيۇنغان بەخت.

ئالماشقاندا ھېسلار دولقۇنى،
ئېھ، تارتىنىش كېتىدۇ ئۇزاپ.
نازى بىلەن كۈلەر شوخ سۆيگۈ،
ئۇچرىمايدۇ دىللارغا ئازاب.

سىڭىشىدۇ يۈرەك يۈرەككە،
بولار ئالەم ۋاقىتسىز بىھوش.
تۇغۇلغاندا قايتا تۆرىلىپ،
بىرلا پەقەت ئىككىمىز تونۇش.



# سەن قەلبىمدە نازاكەتلىك پەرىزات

چاقناپ تۇرار كۆزلىرىڭدىن تەبەسسۇم،
غەمگە پاتقان قەلبلەرنى ئويغىتىپ.
ھىجرانلاردا قىيناپ ئۆتەر گۈل ھۆسنىڭ،
سۆيگۈ ئىزدەپ يۈرگەنلەرنى تولغىتىپ.

سېھرىڭ بىرلە يۈرىكىمنى پۇچۇلاپ،
ۋاقىتسىزلا ئەسىر قىلدىڭ مېنىمۇ.
چۈشلىرىمنى كېزىپ يۈرۈپ رەتمۇرەت،
بىدارلىققا مەھكۇم قىلدىڭ تۈندىمۇ.

زاھىتلاردەك يۇمۇۋالسام كۆزۈمنى،
خىياللىرىم ئۆتكۈزۈشەر چوڭ پارات.
چاراسلايدۇ يۇلتۇزلاردەك سىيمايىڭ،
سەن قەلبىمدە نازاكەتلىك پەرىزات.



# ئۆزىنى ئىزدەش

ھاياجان ئەۋجىدە تىترىگەن قەلەم،
توقۇدى جىسمىمنى قايتىدىن رەتلەپ.
زۇمرەتتەك خىيالىم قېقىپ پەر قانات،
كەچمىشىم بېتىنى چىقتى سۈرەتلەپ.

نامايان ئەيلەندى ئالدىمدا بىر - بىر،
ئىستىھزا ئارىلاش چەككەن ئىزلىرىم.
ئاڭلاندى قۇلىقىم تۈۋىدە تەكرار،
ئۆتمۈشۈم لېنتىسى تارتقان سۆزلىرىم.

تېڭىرقاش ئىچىدە قالدىم ئويلىنىپ،
قەلبىمنى ئىگىلەپ ئالدى سۈكۈنات.
ئاختۇرۇپ قۇت - بەخت، كەزسەم زورۇقۇپ،
مىڭ ئەپسۇس، ۋاقىتسىز سۇندى جۈپ قانات،

سارغايغان ياپراقتەك تىترىدى جىسمىم،
يۈرىكىم سوقماققا تولدى گۈپۈلدەپ.
خوشلىشىپ ھەممىدىن ئۈنسىز رەۋىشتە،
يوقالدىم دۇنيادىن ئۆزۈمنى ئىزدەپ.



# سەرگۈزەشت

چېقىنلاردەك تېتىلغان بوشلۇق
ئىسسەكەشتە قالدى مۆڭلىنىپ.
ئۆيغا پاتقان خىيالچان ئۆپۆق
چۇقان سالار ئاچچىق تولغىنىپ.

بۇژغۇنلاردەك ئوماق چېچەكلەر
قۇياشقىلا قالدى ئوخشىشىپ.
جىلۋە قىلدى يالتىراپ، ئەمما
ئالقۇنلارغا قالدى تۇتىشىپ.

تېنەپ قالغان يۇمران كۆلكىلەر
چۇشلىرىنى تىزدى قايتىدىن.
تېپىپ ئالدى خازان گۈلىنى،
ئېچىلمىغان خىلۋەت دالىدىن.

بوشلۇق ئارا لەيلەپ چېچەكلەر
ئۆپۆق تامان كېتىشتى توزۇپ.
يىغلامسىراپ قالدى كۆلكىلەر،
كەڭ دالانىڭ چۇشىنى بۇزۇپ.



## يېڭىلىنىش

قايچىلاشقان تونۇش دوقمۇشلار
يۈرىكىمگە ئورناشتى بۈگۈن،
ئىھ، بالىلىق يىتكەن مۇشۇ چاغ.

بىلىۋالدىم ھەممىنى بىردىن،
تارىلارنى قانداق چېكىشنى؟
داۋىنچىدەك تۇخۇم سىزىشنى.

ئەقىل چىشىم چىقىپ قاپتۇدەك،
(قايسى دوختۇر ئېيتىپ بەرگەندەك).
ماھىيەتنى چۈشەنمەكتىمەن،
كەڭلىك ئارا سىڭىشىپ سۇدەك.
ناخشىلارنىڭ ھامىلدارلىقى
تىترەتمەكتە دولقۇنلىرىمنى،
چۇقانلىرىم باردى شاخلىنىپ
تۈيۈنمىغان سەبىي بالىدەك.
بەزلەپ قويدۇم كەچۈرمىشىمنى،
ئەسلەپ چىقتىم ئۆزۈمنى قايتا،
يوقلۇقلارغا مىلىنىپ ئۇزاق.
يوق مېنىڭدە مەڭگۈلۈك ئۆكسۈش،
يوق مەڭگۈلۈك كەچۈرۈش ھامان
مەن ئەمەسمەن ھاياتقا تۇزاق.
ئىچىۋەتتىم ئازابلىرىمنى،
چېقىۋەتتىم
قۇرۇقلۇقتا سۇنغان رومكىنى،

چاقىرىدۇ، چاقىرار ھەممە،
ھەممىلىكتە چەكسىز ھېچنىمە
چاقىرماقتا پەقەتلا مېنى. . .



# ئويغاق ياتقان خىياللار

(1)

قويۇپ بەردىم خىياللىرىمنى
سەيلىگە
ئۆتمۈشتىكى يېگانە باغقا.
ئېلىپ كىردى ئۇلار مەن ئۈچۈن
سوۋغا كۆتۈرۈپ
قانسىرىغان يۈرىكىمنى.

(2)

ناخشا ئېيتار پەس، ئەمما ياڭراق
كۆللەردە
سىنىپتا
يۇلتۇزلارنى قۇچاقلىغان قوللىرىم
ئەيىب يوقتۇر ئۇلاردا
ۋاراقلاپلا يىلدا بەش قېتىم
كۈنۈپ كەتكەن ئارخىپ ئىشلەشكە.

(3)

مەن تونۇلايمەن ياڭراق قەسىدە
ئوتلۇق مەدھىيە
ياق شىراز كۈيى،
سەن يۈرسەن ھاسىرىغىنىڭچە
شېئىرىمغا لايىق ئىزدەپ پالاقلاپ.

# گۇگۇم ناحشىسى

تاغ كەينىگە مۇكۇنگەن قۇياش،
بيىلماقتا قارا دەرپەردە.
ئىزتىراپتا ياتىدۇ ھەممە،
ئاچچىق ئەلەم يالتىرار يەردە.

گىرىمسىمان بوشلۇقلار ئارا
تەكرارلىنار بۇلۇتلار گاھى.
قانسىرىغان تاتراڭغۇ شەپەق
نۇرلار چاچار خىيالەن گاھى.

يۇلتۇزلارمۇ قىلىشقان مەڭدەپ،
يەر ئاسمانغا كەتكەن قوشۇلۇپ.
ئۆكسۇپ - ئۆكسۇپ يىغلايدۇ ئۇپۇق،
ئۆلۇمگە مۇسىبەت تۇتۇپ.



# يېگانە ئۆي

ئۆچۈپ يۈرەر يىراق دالىدا
شامال تۇغقان مۇڭلۇقىنا كۈي.
جىمجىتقىنا تۇرار يېگانە
كەڭ دالىدا مۇڭسىراپ بىر ئۆي.

نەي چالىدۇ چوپان بېرىلىپ،
شېرىن چۈشلەر باغرىدا لەيلەپ.
دولقۇنلىنار بىر ئىللىق ھېسلار،
گاھ كۈۋەجەپ، گاھىدا پەسلەپ.


ئۆتۈپ قالار كارۋانلار گاھ - گاھ،
ئېزىپ قالغان قۇش بالىسىدەك.
جىمجىتقىنا يوقار شۇ سۈپەت،
چۈشەكىنگەن روھ سايىسىدەك.

بەزلىيەلمەس ئۆزىنى بىراق
يېگانە ئۆي يېگانىلىكتە.
قوشۇلمىدى ئۈدارسىز كۈيگە،
ئاقالمىدى چوپان چۈشىدە.
كارۋان تۈنەپ قويمىدى بىر رەت،
قالدى يەنە يېگانە ئەبەت. . .

# نىسپىيلىك

ئىگىسىدىن تىلەپ ئارامىلىق
ئايلىنىدۇ بىر خىلدا ھامان،
ئەگەشتۈرۈپ خامان تېشىنى
ۋىجىككىنە ئېشەك بىچارە.

تاپالمىغاچ ھېچبىر ئامانلىق،
يۈرىكىگە قان تولغان سامان.
بەدىلىگە يۈلۈپ بېشىنى
قىلار يىغلاپ ئېشەككە نالە.



# قاناتسز پەرۋاز

## چىغىر يول

يۇرەر دوقۇرۇپ
قاقشال بولۇپ كەتكەن سۆگەتكە،
ئېزىپ قالغان قۇش چاڭگىسىدەك.

چاپنى ئۇ يىرتىلىپ كەتكەن
ساداقسىمان كۇمۇش رەڭ نۇرنىڭ.

ئۇيقۇلۇقتا
ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان
ئېلىپبەنىڭ بىر ھەرپى ئۇ.

## خىيال

خىيال
تۆرەلگەنتى دەسلەپ بولۇپ سۇ ھورى،
تۇتەكسىمان ئىس
ھاۋادىكى بىر تال چاڭ،
ئەمدىلىكتە بولدى ئۇ پەقەت
گۈل بەرگىدە يالتىرىغان شەبنەم.

## گىرىمسەن پەردە

سەھەر
خورازلار چىللىشىدۇ

قۇياشنى كولدورما قىلىپ.
گۈگۈم
پاقىلار كوركىرىشار،
ئاينى تالىشىپ.
كېچە
چاشقانلار كىرتىلدايدۇ،
يۇلتۇزلارغا قارىشىپ.
قۇياش
پەرىشتىنىڭ ئالتۇن سائىتى،
ئاي
پەيغەمبەرنىڭ تاماق قاچىسى،
يۇلتۇز
ئالۋاستىنىڭ چاپان تۈگمىسى.

## كائىنات

دۇم قويۇلغان قازان تۈۋىدە
ئايان بولدى نارەسىدە تونۇش،
ئۇنتۇپ قالغان خرۇستال چۇشتەك.

گىرەلەشكەن تارقاق بۇلۇتلار
كۆيدۇرمەكتە ھەممىنى،
كۆيدۇرمەكتە
يىغلاۋاتقان دۇمچەك جىگدىنى.

پوشكىلىنى يېمىگەن تېخى
تۆشەكتىكى تىنچ لىچىنكا،
ئىزدەپ كىردى ئۇنىڭ ئانىسى
كۆيۈپ كەتكەن پورەك نېنىنى. . .

## ئاۋازسىز ناخشا

دائىم شۇنداق
ئاڭلىنىدۇ ئاۋازسىز ناخشا
خۇددى ناخشا ئاۋازىدەكلا
تۇرۇپ يوقاپ كېلەر قايتىدىن،
پەرىشتىنىڭ گاز ياغلىقىدەك.



# ستېرېئولۇق بوشلۇق

سەن مەن ئەمەس
مەن سەن ئەمەس،
گەر ئىلتىپات قىلسا ئىلاھىم،
چۈشۈپ قالارمىز بىر كۈن ئۈستمۇ ئۈست. .



# باياۋانغا قايتىش

(1)

يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسام
تەكلىماكاندا
ئۇچراپ قالدى ساپال پارچىسى،
تونۇۋالدىم ئۆزۈمنى.

(2)

مەن
تەلەپ قويغاندىم مارسقا
كۆنلەپ قالدى مېنى يەر شارى. . .



# سلكىنىش

ئايسىز كېچە مۈگدۈلۈق رەۋىشتە،
تاشلاپ بەردى ماڭا جۇپ قانات.
خىيالىمنىڭ ماڭۇق پەيلىرى،
يۈرىكىمدە چېكەتتى پەرياد.

پىلىلدايدۇ ئۈستىلىمدە شام،
تۇتاشتۇرۇپ قۇرلارنى قۇرغا.
لەرزانغىنا چېكەتكە ئۈنى
تۇيۇندۇردى قەلبىمنى نۇرغا.

قوۋزاقلىرىم سويۇلدى بىر - بىر،
شەلپەرىدەك قىزاردى جىسمىم.
پۈتۈن دۇنيا بولدى نامايان،
چىقىپ كەتتى بىر ئىللىق سېزىم.

كۆلگىنىچە گۈزەل خانتەڭرى،
كىرىپ كەلدى ئاينى قۇچاقلاپ.
توزۇپ كەتتى سەلكىن شامالار،
ئازابلىرىم چۈشتى تاراسلاپ.

قايتىپ كەتتىم مىسكىن خانەمگە،
ئاي تۇراتتى بىر چەتتە ماراپ.
يىراق ئەمەس ئۇ مەندىن، بىراق
يا قويمىدى ئىسمىمنى سوراپ.

# كېسىشكەن نۇرلار

دەسلەپ ئىدى يوللىرىمىز پەرقلىق،
بىر نۇقتىدىن چىققانىدۇق تارىلىپ.
ھەر ئىككىمىز چېپىشقانتۇق ئالدىراپ،
چاڭقاقلىقتا ۋىسال ئىزدەپ زارىقىپ.

قالدى كۆپ ئىز، ئۆرۈلدى يىل بەتلىرى،
ئەجەب بىر ئىش، قالدۇق بۈگۈن ئۇچرىشىپ.
ھېچقايسىمىز سېزەلمەپتۇق، يولىمىز
قالغانىكەن قاچانلاردۇر تۇتىشىپ.



# سۈزۈلگەن سۈبھى

سەن قىزارغان تۆمۈر پارچىسى،
دومنا مەشتە ئېرىپ تاۋلانغان.
مەن ئۈنىڭدا چاقنىغان ئاتەش،
قىزىقىڭدىن ھارارەت ئالغان.
سايە تاشلاپ كېلىدۇ ئاستا
ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەن سىياق:
ۋاقىت
سۈرئەت
شەكىل
ھايات!

# تۇغۇمغا قايتىش

مەن
ئۇۋىسىنى تاپالمىغان قۇش،
تاپقاندىمۇ
سۇنايلىنىپ ياتالمىغان قۇش.
تىقماقلارغا بۇغۇلغان نەپسىم
مەخلۇقاتىم ئەيلەنگەن بىھوش.

زەنجىرلىرىم يېشىلدى بۈگۈن
گۈلگۈن چىراي روھلار بەستىدە،
بىزەكلەرگە تولغان رەستىدە.
تۈنۈگۈنكى سەبىي كوچىلار
بولۇپ قاپتۇ بۈگۈن رەسىدە.

تېپىۋالدىم كېچە بۇ يەردە
مۇھاجىردەك يۈرگەن ئۆزۈمنى.
سىزىپ چىقتىم يولۇمنى قايتا،
تاراچلاندىم ئىمان نۇرىغا،
سۆيۈۋالدىم ئىلاھ قولىغا.



# قەلبىمگە سىغمايدۇ ھەسرەت دېڭىزى

خىياللار ئىلكىدە يۈرىمەن تەنھا،
مۇڭلىنىپ ھەسرەتتە ساھىللار بويلاپ.
ۋۇجۇدۇم تىترەيدۇ ھەر چاغ تىنىمسىز،
گۇگۇمگە يانداشقان كەچمىشنى ئويلاپ.

ئەسلىسەم كۆنلىرىم ئۆتتۈپتۇ شۇنداق،
بوزغۇنلار مەۋجىگە بولۇپ تەقدىرداش.
ئىستىكىم خىيال بوپ قالدىغۇ پەقەت،
ھاياتتا ئۆزگىچە قىرغاقلار ياساش.

مەن ئۈچۈن بەرىبىر شۇ تاپتا ھەممە،
يولۇمنىڭ ئوڭ - سولى، ئەگرىسى، تۈزى.
كۆۋەجەپ توختاۋسىز ئۇپقۇنلار ياساپ،
قەلبىمگە سىغمايدۇ ھەسرەت دېڭىزى.



# ئىنتىلىش

سەن
پەلەكتىكى يېگانە سۇمۇرغ
قانات قېقىپ لەرزان ئۆرلىگەن،
كۆزۈڭ ئىزدەر بىرەر ئارامگاھ
تەشنالىقتا پەسكە زورۇقۇپ.
مەن
ساڭا قاراپ ئۆسكەن خادا تاش،
تەگتۇشۇم يوق ئالەمدە پەقەت،
تۇرار جىسمىم تەنها چوقچىيىپ.
سەن سامادا ئۇچىۋېرىپ
مەن پەلەككە ئۇسىۋېرىپ
ھاردۇق يېتىپ قالار بىزلەرگە،
ئاھ
شۇ چاغدا
قالارسەنمۇ ئۇستۇمگە قونۇپ؟!



# كەچ كۆز لىرىكىسى

مۆڭلانماقتا پۈتكۈل كائىنات،
ھالسىرايدۇ ئۈنسىز ئورمانلار.
ئالتۇن رەڭلىك ياپراق لېۋىدە،
يالتىرايدۇ بۈيۈك ئارمانلار.

سۈرلۈك تۇستە تۇرار مەۋجۇدات،
سۇلغۇن ھېسقا ئەيلىنىپ قامال.
ياپراقلارنى ئۇچۇرتۇپ ھەريان،
ھۇشقىيتىدۇ ئىزغىرىن شامال.

يۇلتۇزلارمۇ قېلىشقان مەڭدەپ،
ئاڭلىنىدۇ رىتىمسىز تىنىش.
ھۆكۈمراندۇر شۇتاپ ھەممىدە
جىمجىتلىقتا ئېغىر خۇرسىنىش.



# سۆيگۈمىزدە قىشقا ئورۇن بەرمەيلى

ئۆكسۈمىسۇن ھېسلىرىمىز گۈل جانان،
سۆيگۈمىزدە قىشقا ئورۇن بەرمەيلى.
يازلا بولسۇن سۆيگۈمىزدە تائەبەت،
دىل سوغۇقى ئىچرە توڭلاپ يۈرمەيلى.

مەزمۇن تاپسۇن كۆنلىرىمىز ئۆزگىچە،
بىر جۈپ يۈرەك خۇشال ئويناپ شادلانسۇن.
سۆيگۈمىزدىن چاقناپ كەتسۇن ئاتەشلەر،
مۇھەببەتلىك ھاياتىمىز ئۇز بولسۇن.



# قىنالمايلى ئەمدى بۇنچىلا

قەلبلەردە سۆيگۈ ھۆكۈمران،
باراقسانلىق پىنھان يوللاردا.
بىر - بىرىگە قىيماي بېقىشار،
قىز - يىگىتلەر ئىزگۈ ئويلاردا.

دائىم تەنھا يۈردۈم خىلۋەتتە،
سەنمۇ ھامان يۈردۈڭ ھەم شۇنداق.
سۆيگۈمىزنى ئىزھار قىلىشقا،
ئاجىز كەلدى تىلىمىز بىراق.

قىنالمايلى ئەمدى بۇنچىلا،
كەل جۈپلەشسۇن چاڭقىغان لەۋلەر.
سۆيگۈمىزنىڭ شاھىتى بولسۇن،
ۋىسال قۇچقان شۇ گۈزەل دەملەر.



# مەنتنقىدۇر بۇمۇ ئۆزگىچە

ئايرىلغاندا ئىككىمىز نىگار،
يۈرەكلەرنى ئۆرتەيدۇ پىغان.
چاك - چاك قىلىپ پاك قەلبلەرنى
چاڭقىتىدۇ رەھىمسىز ھىجران.

گەر ئۇچراشساق تىلغا كەلمەس سۆز،
كۆزلىرىمىز تارتىنار قەۋەت.
ھېسلىرىمىز قايناپ تۇرسىمۇ،
ھۆكۈم سۈرەر سۈكۈتلا پەقەت.

ئەپسۇس، كايىش بولمايدۇ راۋا،
ئەيىب يوقتۇر سەندە يا مەندە.
مەنتىقىدۇر بۇمۇ ئۆزگىچە،
سۆيگۈ تولغان بۇ كەڭ ئالەمدە. . .



# ئاي ئاخىرى

كۈنلەر ئۆتەر ئۈنسىز ـ ئۈمىدسىز،
ئاي ئاخىرى، ئاداققى كۈنى
سايە تاشلاپ كېلىدۇ ئاستا،
يوقلۇقلارنىڭ ئازابلىق قۇلى.
ئالدىراش مېڭىشار ئادەملەر توپى،
موھتاجلىق دەستىدىن نىجاتلىق ئىزدەپ.
تالىنىدۇ ھەر ياققا،
يېتىشمەيدۇ ئۈلارنىڭ پۇلى.
قوزغىيالماس دىلدا قىزىقىش،
باھاردىكى گۈلدەك قىزلار ھەم.
قايتا ـ قايتا ھېسابلاش قىلىپ
سېتىۋېلىنغان بىر قاچا تائام
بېرەلمەيدۇ تېتىغۇدەك تەم.
پەلەك چاقى
ئازابلارنى چالغىتىپ ئاچچىق،
ئايلىنىشتىن قالىدۇ پەسلەپ.
تېلېفونلار سايرار توختىماي،
پوچېركىلار يېزىلار قات ـ قات،
مۇناسىۋەت تورى بويىچە
با ئوبيېكت چىقىلار ئەسلەپ.
كۈتۈلدى بىر نەرسە
ئۆتكەن ئايدا كۈتۈلگەندەكلا.

# سەھەردىكى چۈش

چىقىن ئارا ئۆزگەن تىلەكلەر
ئاستا كېلەر مەڭزىمگە سۆيۈپ.
ياتسىرىغان تىترەڭگۈ قەلبىم
گۈلگۈن دەملەر ھېسقا چۆمۈلۈپ.

ئايلىنىمەن ماگمىغا، چوغقا،
تەنلىرىمدىن تارار ھارارەت.
يوللىرىمنى سىزارمەن ئېنىق،
خىرەلىشىپ بارىدۇ لەھەت.

گۈزەل ھېسلار باشلىنار شۇندا،
يۈرەكلىرىم كېتەر ئويناتلاپ.
كۈتمىشلىرىم كېلەر ناز بىلەن،
مەن بارىمەن تاڭنى قۇچاقلاپ.

چېچەكلەيمەن باشقىچە رەڭدە،
گۈزەللىككە بارارمەن تولۇپ.
بىر ئۈمىد بار، شۇنچىلىك پەۋەس،
چەكسىزلىككە كەتكەن سوزۇلۇپ.



# پارچىلىنىش

ئىشىكنى چېكەر قەلبىنىڭ
تۇن ئىسپىدە بىر لىۋەن قولى.
سەزگۈلەرنى ئۆتەر ھىدلىتىپ،
پورەكلىگەن باش باھار گۈلى.

پەيلەر قاقار تاتلىق خىياللار،
مەنزىللەرنى چىقار ئارىلاپ.
ئۆپكەن سۈدەك تۈيدۈرماي ئاستا،
بىر داۋالغۇش كېلەر يېقىنلاپ.

باشلىنىدۇ ئېغىر تىنىقلار،
ئەسلىمىلەر كېتەر تولغىنىپ.
ياياق يۈرگەن سەرسان تۇيغۇلار
ۋىسالىگە كېتەر تويۇنۇپ.




# قىرقىلغان سۆكۈت

كىرىپ كېلەر سەھەر پەيتىدە
ئازابلاردىن ھالقىغان تەشۋىش.
كۆڭۈلسىزلىك تېرىدۇ دىلغا
داۋالغۇغان كۈتۈمسىز تىۋىش.

يىراقلاردا ياتار سوزۇلۇپ
ئالداشلارنىڭ قاقشال مۇردىسى.
دىماغلارنى غىدىقلار ئاچچىق
جەسەتلەرنىڭ ئېچىغان بۇسى.

كەچمىشلەرنىڭ ئۇنتۇلمىشىغا
كۆپ قەبرىلەر قويۇلار تىكلەپ.
قاناتلىنىش پەسلەر ۋاقىتسىز،
تولغىنىشلار قالار يېنىكلەپ.



# يۇيۇلۇش

ئايلانماقتىمەن
قۇرۇق يۇيۇش ماشىنىسىدا
ئەتراپىمغا سوقۇلۇپ تىنماي.
كۆز ئاچارمەن ئەتە دۇنياغا
ياماشتۇرۇپ ئۆزگىچە چىراي.
يېڭى قاسراق ئورايدۇ تەننى،
ماھىيىتىم قالار بېسىلىپ،
يۈرىكىمنى يۇمشاق ئەللەيلەپ،
مەن يۈرەرمەن مەغرۇر ھىجىيىپ. . .



# كېسەل

كۆرەڭلەيدۇ رەزىل ساختىلىق،
ئاچچىق - ئاچچىق يىغلار ھەقىقەت.
چەكسىز ئۆزلۈك قۇترار توختىماي،
تولغىنىدۇ كۆيۈنۈش، شەپقەت.

شۇملۇقلارغا چۆمكەلگەن دۇنيا،
ناتونۇشتۇر دىيانەت، پاكلىق.
قىيناپ ئۆتەر ھەممىنى ئازاب،
ئۇچرىمايدۇ ئاسايىش، شادلىق.

سۇكۇناتتا تۇرار ساداقەت،
ئۇرتاقلىقتۇر، يالغاندىن ئاياش.
گۈل ئىستەكلەر يۈرەر تەمتىرەپ،
مەنىسىنى تاپالماس ياشاش.



# مەن قۇشۇقچىمەن، سېنى ئىزدەپ ھارمىغان

سەن مەبۇدسەن، ماڭا نېسىپ بولمىغان،
گۈلى رەيھان، تىنىقىمدا سولمىغان.
سەن بىر شاراب، قىيامىتىغا تويۇنغان،
مەن قەدەھمەن، بىلىق كۆزى تولمىغان.

نادىر سۈرەت، جىسمىڭ نۇردەك پارلىغان،
مەۋجۇتلۇقتا يارقىن رەڭلەر تاللىغان.
مەن سىزىقچە، قاتسامۇ گەر جەزبىلىك،
ناباب رەسسام نومۇسسىزچە شاللىغان.

تۆرەلمىشىڭ سۇبھى كەۋسەر بىر قەترە،
مەن بىر سەيياھ، ئىچىپ - ئىچىپ قانمىغان.
سەن ئالەمدە تەڭدىشى يوق بېھىشگاھ،
مەن قۇشۇقچىمەن، سېنى ئىزدەپ ھارمىغان.



# قاسراق لىرىكىسى

كارىۋاتتا ئىڭرايدۇ بىر تەن،
خىياللىرى كەتكەن بوغۇلۇپ.
تەكرارلىنىپ تۇرار ھاياتلىق،
گاھى ئۆلۈپ، گاھى تۇغۇلۇپ.

ئېغىر - ئېغىر تىنىقلىرىدىن
ناركوز گۈلى تۇرار توكۇلۇپ.
يېشىللىقتا تولار كائىنات،
گويا شەپەق كېتەر سۆكۈلۈپ.

كۆز ئاچىدۇ يېپيېڭى قۇياش،
تاڭ ساباسى كۈلەر سۆيۈنۈپ.
ئۆتكەن ئۆمۈر، كەچمىش - ئەسلىمە
ئاندا - ساندا قالار كۆرۈنۈپ.



# خوش دېمگىن، خوشلاشما مەندىن

خوش دېمىگىن، خوشلاشما مەندىن،
ئۇچراشقاندا ئاستا شىۋىرلاپ.
مۇڭغا تولغان ئازابلىق يىشىڭ،
كۆزلىرىڭدە تۇرار لىغىرلاپ.

گېپىڭ باردەك قىلىسەن دائىم،
ئەجەب بىر ئىش، چىقمايدۇ سادا.
چاڭقاپ كەتكەن سۆيگۈ ئارىلىم،
مىڭ خىيالدا قىلىدۇ نىدا.

سۆيمىسەڭمۇ مېنى دىلىڭدىن،
كۈلدۈرۈپ ئۆت تاتلىق تىلىڭدىن.
خوش دېمىگىن، خوشلاشما مەندىن،
تەسكىن تېپىپ يۈرەي سېنىڭدىن.



# ھايات پەلسەپىسى

توغۇمنىڭ ئاداققى بېكىتى ئۆلۈم،
ئۆلۈمدۇر پەرۋازنىڭ مۇقەددىمىسى.
مەھشىرنىڭ ئالدىدا قالمىغىن ئۆكسۈپ،
باقىدۇر بىردەملىك، يوقار ھەممىسى.

ئەمەستۇر سەندىكى قانلىق پاجىئە
ھاياتنىڭ مۆلدۈرى، تۇمانلىق ئاھى.
روھىڭدىن تەپچىگەن ۋەھىلەر جۇغى
ئەركىلەپ ناز بىلەن قاچقاندا گاھى.

خىيالىڭ چەشمىسى يامرىغان چۆلدە
ئالۋۇنغا ئەھيا بوپ يۇرمىسۇن ۋۇجۇد.
شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن پۈتكەن مەۋجۇدات،
پەقەتلا ئەركىڭدىن تۇرىسەن مەۋجۇت.



# بىلىقچى رىۋايىتى

لۆمشۇمەكتە تىنىق كەڭ دېڭىز،
گاھ كۆۋەجەپ، گاھىدا پەسلەپ.
سۇكۇناتقا تولغان مەۋجۇدات،
يىغلىماقتا قۇياش ئىسەدەپ.

(1)

قەدىم - قەدىم بىر زامانلاردا
بىر بىلىقچى ئۆتكەن بۇ يەردە.
دېڭىز سۈيى ئىدى سۈپسۈزۈك،
تۇغۇلاتتى
بىلىجانلار مىڭلاپ - مىليونلاپ.
بىلىقلارنىڭ پىلتىڭلىشىدىن،
سۇ پەرىسىنىڭ تولغىنىشىدىن
تىلىقىپ - تىلىقىپ كۆلەتتى ھايات.
توپ - توپ بولۇپ ئالتۇن بىلىقلار
ئۇخلاپ قالاتتى بىلىقچىنىڭ يۈرىكىدە.
قىرغاقتا
«بەش تاش» تىرەتتى ئۇششاق باللار
ھېچنىمىدىن غەمسىز، خىرىسسىز.

(2)

كەلدى بىر مۇدھىش
توپان بالاسى
قاپلاپ زېمىننى
ۋەيران قىلدى ھەممىنى،
بىلىقچىنىڭ سۈزۈك دېڭىزىنى.
قالدى نەۋرىسىز

كۆك دېڭىز،
ئاچچىق - ئاچچىق پەريادى
سىڭىپ كەتتى ئۇپۇققا.
بېلىقچى چال
تۇزلۇق ياشتىن ئاقتى تۇپراققا.

(3)

بوران ھۇشقىيتىپ تۇرغان دېڭىز لېۋىدە
چىقىپ تۇرار تۇتۇنى
بىر زامانلاردا
«بەش تاش» ئويناپ يۈرگەن بالىنىڭ،
بالا ئەمەس،
ئۇمۇ بېلىقچى
كەچمىشلەرنىڭ ئۆرتىشى
سىغىندۇرغاچ بوۋىسىنى،
پاتقاقلىقتا ئېغىنىغان گۆدەكلىكىنى،
سېتىۋېلىپ بازاردىن بىر كۆلچەك بېلىقى
سېلىپ قويدى نەقىشلىق بېلىقدانغا،
بېلىقداندا بار ئەسلى
ئەۋرىشكە ساقلاش سۈيۈقلۇقى.

(4)

لۆمشۇمەكتە تىنىق كەڭ دېڭىز
گاھ كۈۋەجەپ، گاھىدا پەسلەپ.
سۈكۈناتقا تولغان مەۋجۇدات،
يىغلىماقتا قۇياش ئىسەدەپ.

مەن بېلىقچى
سەن بېلىق
ئۆيىمىزدۇر بېلىقدان.

# ۋۇجۇد ئەركىسى

ئۇچۇم بولۇپ كەلدىم بۇ ياققا،
مەھلىيا بوپ خۇشبۇي پۇراققا.
مەۋجۇتلۇقنىڭ يارقىن شولىسى،
سايە قىلدى مېنى ئۇزاققا.

قەدەملىرىم ئالماشتى تېز - تېز،
پەرۋازىمدا يۈردۈم يۈگەنسىز.
ۋۇجۇدۇمنى پاكلاپ نۇرلاردا،
ياشاپ كەلدىم كىرسىز، ئېۋەنسىز.

ئاستا ئۇزاپ بارغان ھاياتلىق
يار قىلماقتا قەلبىمگە شادلىق.
يالغۇزسىراپ تۇرسىمۇ يۈرەك،
ئىقبال كۈلۈپ باقماقتا تاتلىق.



# كېچىدىكى سېغىنىش

گۈللۈكتىكى يۇمران مەجنۇنتال،
بوي تارتىپسەن باھار پەسلىدە.
چاچلىرىڭنى تاراپسەن رەتلىك،
نۇرغا تولغان سالقىن كېچىدە.

ياپراقلىرىڭ چاقناشلىرىدا
ئەكس ئەتكەن كۆكلەم جىلۋىسى.
لەرزانغىنا شىۋىرلاشلىرىڭ
ئون سەككىز ياش قىزنىڭ كۈلكىسى.

بولساڭ ئىدىڭ راستتىنلا بىر قىز،
ياقار ئىدىم باغرىمنى ساڭا.
تەنھالىقلار ئۇنتۇلۇپ ئاستا،
سۆيۈلۈشنى سۇناتتىڭ ماڭا.

سۆيگۈسىراپ ئازاب يۇتۇشلار
بولار ئىدى ئاچچىق ئەسلىمە.
سەن پەقەتلا مەجنۇنتال، بىراق،
تۇرۇپ قالدىم مۆڭلىنىپ يەنە.



# يامغۇردىكى سۆيگۈ

زېمىنىنىڭ ۋەسلىگە يىغلايدۇ ئاسمان،
سېغىنىش پەريادى ياشلاپ كۆزىنى.
ھىجران چوغ بولغان يېگانە زېمىن،
تولغىنار ئازابتىن تاشلاپ ئۆزىنى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاشيول لېۋىدە
بارماقتا جۈپ گەۋدە يىراقلاپ ئاستا.
بىر قولدا يامغۇرلۇق تۇتۇۋالغان قىز،
يىگىتنىڭ خىيالى كىچىلىك تانسا.

تونۇماس بۇ مەھەل ھېچكىم ئۇلارنى،
ناتونۇش، سەپىرى قايسى تەرەپكە؟
ئەتراپقا سىڭمەكتە بوش شىۋىرلاشلار،
«مەن سىزنى سۆيىمەن مەڭگۇ، ئەبەتكە. . .»



# مېنى سۆيۈپ قالغاندەكلا قىلسەن

مېنى سۆيۈپ قالغاندەكلا قىلسەن،
نازىڭ بىلەن تاتلىق كۈلۈپ باققاندا.
بولغاسەنمۇ سۆيگۈ ئۈچۈن پەرۋانە؟
يۈرىكىڭگە يۈرىكىم چوغ ياققاندا.

مېنى سۆيۈپ قالغاندەكلا قىلسەن،
مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرار دائىم كۆزۈڭدىن.
ئۇچراپ قالساق ئىختىيارسىز يوللاردا،
تامچىلايدۇ سۆيگۈ ھىدى سۆزۈڭدىن.

مېنى سۆيۈپ قالغاندەكلا تىلىسەن،
پىلىنجايدۇ دىل تىۋىشىڭ ھېلىمۇ.
بىلەلمىدىم، سۆيگۈڭ شۇنداق چىرايلىق،
بەلكىم سۆيۈپ قالغاندىمەن سېنىمۇ.



# ئىككىنچى تۇغۇلۇش

سوغۇقتا رەڭ تۈزۈپ كىردى بىر كېچە،
تۈن قۇشى پەر قېقىپ قىلماقتا پەرۋاز.
چۈشلىرىم كۆزىدە تونۇلدۇم قايتا،
ياڭرىدى سەزگۈمدىن سېھىرلىك ئاۋاز.

ئامبۇردەك قىسسىمۇ نەم ئاتموسفېرا،
يىرتىشقا باشلىدىم قاسراقلىرىنى.
خىيالسىز بوشلۇقتا تەۋرىگەن روھىم
قەلبىمدەك يورۇتتى كېچە قوينىنى.

ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە كەتتى سىڭىشىپ،
ئىلاھىي مەنىدىن پاكلانغان تامچە.
بىر شەيتان يېتىلەپ تەۋەللۇتۇمنى،
تېنىمنى كۆيدۈردى لاۋۇلدىغانچە.

نىشاندىن ئادىشىپ تۈن قۇشلىرىمۇ
يالقۇنىنىڭ تەپتىدە قالدى تەمتىرەپ.
ۋۇجۇدۇم شېرنىسى قۇيۇلغان چېچەك
قاراڭغۇ كېچىدە كەتتى پورەكلەپ.

خۇش پۇراق ھىدلىنىپ يوقلۇقلار ئارا،
چوغلاندى زېمىنىنىڭ باغرىدا قۇياش.
يېقىنلاپ كەلمەكتە ئەقەللىي ئۆلۈم،
شۈبھىسىز ئەقەللىي تۇغۇمغا تۇتاش.

# ئايرىلساقمۇ ۋەلېكىن ئايرىلمىدى قەلبىمىز

چېتىلغاندا قاچاندۇر تۇيدۇرماستىن رىشتىمىز،
ئۇزگەندۇق بىر قەپەس مۇھەببەتكە چېلىنىپ.
كۆكتە چولپان كەزگەندە خۇمارلاشقان جۇپ كۆزلەر،
سۆيۇلۇشتىن سۆيۇشتىن ئوتلۇق ھېسقا مىلىنىپ.

ئۇزىدىڭ سەن بىر ياققا، كېتىپ قالدىم مەنمۇ ھەم،
ھىجران پەيتى يۇرەكلەر قالدى جىمجىت، بىناۋا.
كۆڭۇل سىرى پىنھاندا ياشلانغاندا مۇڭلىنىپ،
تېنەپ قالدى تىنىقلار، ھىدلىيالماي «ساپ ھاۋا».

ئايرىلساقمۇ ۋەلېكىن ئايرىلمايدۇ قەلبىمىز،
يوللىرىمىز ئەزەلدىن بولۇپ كەلدى بىر تۇتاش.
چىرايلاردىن ئۆچمىسۇن كۇندە ئويناق كۇلكىلەر،
چىن ئەقىدە، پاك ۋۇجۇد بىزگە ھامان يار، قولداش.



# ئارىب تېۋىنشلىرى

شەيتانلىرىم
چېكىپ قويۇپ كەچمىشلىرىمنى،
غەپلىتىمنى قىلىدۇ غايىب.
ناخشا تىلەپ يۈرگەن كۆزلەرنىڭ
ناخشىسىنى بېرىدۇ ئېلىپ.
قۇياش ئىزدەپ تېنىگەن تۈنلەر
تېنىگەنچە
قۇياش بولۇپ بارىدۇ يېنىپ.
خىياللىرىم
ھېسلىرىمغا سۆيگۈ چىللايدۇ
قاناتلىرى ئاستا يېتىلىپ.
ئېستەپ كەلدىم
قويۇلۇشنى يۈرەككە
دەستە ـ دەستە نۇر بولۇپ،
كەتسەم دەيتتىم
ساپ نۇرلارغا لىپمۇلىپ تولۇپ.
بىھاجەتتۇر ئۆكۈنۈش ماڭا
چىققىنىمدا
نۇرلىرىمنى چەكسىز تارتىپ،
بار ئازابنى ماتەمگە ئارتىپ،
ئۆز ـ ئۆزۈمنى قايتا يارىتىپ.
قىلالمىسام پەقەت بۇنىمۇ،
ھايات ماڭا نە كېرەك؟
چۈنكى ئازاب مەن ئۈچۈن يۈ.ەك!
ئېرىمەكتە
ئازابلىرىم چوغسىمان
يۈرىكىمدە،
ئازاب گۈلى ئاچماقتا چېچەك!

# جانان قەسىدىسى


خىياللارنى چالغىتىپ كېرىپ كەلدىڭ ھېسلارغا،
تەندە يۈرەك چوغلاندى نۇر جىسمىڭدىن ئوت ئېلىپ.
قەلبىمدىكى قەسىرنى چېكىپ ئۆتتۈڭ تۇنجى رەت،
قۇياش بولۇپ پارلىدىم، سۆيگۈ ئۇچۇن ئىنتىلىپ.

يارىلىشىڭ باشلىدى مېنى سۈزۈك دۇنياغا،
ئۈششۈك تەگكەن قەلبىمنى يالقۇنىدا ئېرىتىپ.
بىر بەختنى يېتىلەپ باقماقتىمەن تاڭلارغا،
يوللىرىمغا سۆيگۈدىن گۈزەل كۈيلەر تېمىتىپ.



# ۋىسالسىز سۆيگۈ

ئۇپۇق سۆيگەن ئاپئاق چوققىلار
ھېسلىرىمنى قاچتى ئوغرىلاپ
چۈشلىرىمنىڭ رەڭدار قوينىغا،
كۆز ئالدىمدا تارتىلىپ سۈرەت
يۈرىكىمنى سۆرىدىڭ ئاستا.
سۆرەلگەنچە
تاشلاپ قويۇپ قىسمەتلىرىمنى،
ئۇچۇپ كەتتىم يالغۇز قۇش بولۇپ.
ئارىمىزدا قالدى يالتىراپ
سۆيگۈمىزدىن
ئۆكسۈۋاتقان بىر تامچە كۆز ياش.



# ئون ئالتىنچى لىرىكا

(مۇۋەششەھ)

رەنجىش ھاجەت نىمىشقا سىنىڭ بىلەن ماڭىمۇ،
پۈتۈنلىگەنىدۇققۇ سۆيگۈمىزدىن ئالەمنى.
تۈندە چولپان كۈلگەندەك كۈلەيلى تەڭ ھېلىمۇ،
نازۇك كۆڭۈل كۆتۈرمەس ئاچچىق ئازاب، ئەلەمنى.

ئەركىمىزدىن ھىلالمۇ ھەۋەس بىلەن باققاندا،
مەجنۇنتاللار ياپرىقى چاۋاك چالغان زوقلىنىپ.
ھېسلىرىمىز مىنگىشىپ لەۋلىرىنى ياققاندا،
شاختا قۇشلار يېقىملىق قالغاندى ئۈنلىشىپ.

نىگاھىڭدا بىر ئوتلۇق ساپ ۋۇجۇدنى سەزگەندە،
تېۋىنىشتا يۈرىكىم يېلىنجىغان چوغسىمان.
قۇياش بىلەن ئايدەكلا كائىناتنى كەزگەندە،
گۈزەل دەملەر شاھىتى بولغانىدى كۆك ئاسمان.

ئاھىڭ تۈگەل قۇرۇسۇن، ياش تۆكمىگىن پىنھاندا،
تاپسام سەندىن تەبەسسۇم روھىم قىلار نامايىش.
باتنىمىغىن قويسام گەر قوپال تەگەپ ناگاندا،
ياۋا خىيال، ھېسلاردىن بولالمىسام مەن رايىش.

گۈلدەك چېھرىڭ كۆزۈمگە گۈزەللىكنى تونۇتقان،
تاتلىق تىلىڭ باشلايدۇ يوللىرىمنى نۇسرەتكە.
ھالسىرىتىپ تېنىمنى، بارلىقىمنى ئۇنۇتقان،
لاتاپىتىڭ قوغلايدۇ ناپاكلارنى ھەسرەتكە.

ئۇنىڭ سېھرى كۈي بىلەن قاتسا مۇڭلۇق ناخشىلار،
دىلىم ئىچرە خىيالىم قىزىپ كېتەر ساماغا.
خۇش ناخشاڭدىن سۆيۈنۈپ بەھرىلەنگەن باشقىلار،
بىئىختىيار سېھرىڭدىن ھەمجۇر بولار ناۋاغا.

لەيلەپ يۈرگەن بىر تاتلىق بەخت بىزگە باقماقتا،
شۇ بەختىنىڭ مەڭزىگە سۆيەيلى بىز قوشمۇقوش.
كەل يېنىمغا گۈل رەنا ۋىسال قۇچاق ئاچماقتا،
جۈپ يۈرەكنىڭ تەپتىدىن بولسۇن ئالەم مەست، بىھوش.



# تاڭ لىرىكىسى

قىزىل شەپەق
قايرىۋەتتى پەردىسىنى قۇياشنىڭ،
قان رەڭگىدە خوشلاشتى سۇبھى.

داۋالغۇدى يۇرەكلەر
دولقۇنىدا نۇر دېڭىزىنىڭ،
دالىلارنىڭ چۇشىنى بۇزۇپ.

ئالەم رەڭدار تۇسلەندى قايتا. . .
ئازابلارغا چىلانغان ئۆتمۇش
ئاچچىق - ئاچچىق قالدى ئۇھسىنىپ.



# مىسرالىرىم گۈزەل تىز سىزما

مەنزىلىدە رەڭدار ھاياتنىڭ
ياشلىقىمدىن تەردىم چېچەكلەر.
تۈن قوينىدا قالمىدىم ئۆكسۈپ،
ئازابلىسا مۇدھىش لەھەتلەر.

ئاي، يىللارغا كەلدىم ياندىشىپ،
زەپەر كۈيى ياڭرىتىپ ھەردەم.
گۈزەل كەچمىش ئۆتتى قالدۇرۇپ،
تەمكىنلىكتە ئالماشقان قەدەم.

«مەن جەنۇبنىڭ ئاددىي شائىرى،
قەلبىمدىن چاقنار ئاجىز نۇر».
تامچىلايدۇ سۇزۇك قەترىدەك،
ۋۇجۇدۇمدىن ۋىجدان ۋە غۇرۇر.

خۇشاللىقىم خۇددى ئالەمچە،
قالدۇرسام گەر يارقىن بىر سىما.
يېلىنجىغان يۈرىكىم ئۈچۈن،
مىسرالىرىم گۈزەل تىز سىزما.




# سوراپ يۈرمە مېنى قايتىلاپ

سوراپ يۈرمە مېنى قايتىلاپ،
چېقىپ كەتتىم قەلبىڭ سىرتىغا.
دوقمۇشۇڭدا كۈتمىگىن ئەمدى،
قاپسىمىسۇن دىلىڭنى يىغا.

سوراپ يۈرمە مېنى قايتىلاپ،
قالدى بىزدىن غۇۋا ئەسلىمە.
رەڭدارلىققا تولغان ياشىماق،
كۆپ كەچمىشلەر قالىدۇ يەنە.

سوراپ يۈرمە مېنى قايتىلاپ،
تېرىكمىگىن رەنجىپ ئالەمدىن.
بەلكىم تېپىپ ئالارسەن بىر كۈن،
ئۆز بەختىڭنى گۈزەل تاڭلاردىن.




# سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇز بىرىگە تېز سىزما

كېتىپ قالدى شىماللىق قىزچاق،
سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇز بىرىدە.
نوپۇسى كۆپ شەھەر بۇ، لېكىن
تەنھا قالدىم خىيال ئىلكىدە.
ئۇرۇمچىنىڭ سوغۇق ئاخشىمى،
كەيپىلىكتە يۇردۇم خىرامان.
كوكاتلاردەك يۇمران ھېسىمغا،
سايە تاشلاپ چىرماشتى مانان.
ئەسلىمەمنى ۋاراقلاپ رەت - رەت،
ناركوزلاندىم ۋاقىتسىز تامام.
سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇز بىرىدە
قالدى مەندىن چوڭقۇر سېغىنىش،
پاك ۋۇجۇدتىن ئوتلۇق بىر سالام!



# خىلۋەتتىكى جۇپ ئورۇندۇقتا

قېنىپ - قېنىپ ئوتلۇق سۆيۈشتىن،
ئايسىز قەلبىم يورۇدى ئايدەك.
خىلۋەتتىكى جۇپ ئورۇندۇقتا،
ئۆزاپ قالدى
تەنھالىقتا ئازاب يۇتۇشلار،
قارا تۇندە ئۇزاقتىن - ئۇزاق
زارىقىشلىق ۋىسال كۈتۈشلەر.
يېلىنجىغان ئوت تىنىقلاردىن،
يوللىرىمدا قالمىدىم مۇزلاپ،
تۆت پەسلىمنىڭ ھەممىسى باھار.
ئۈرۈمچىنىڭ سالقىن ئاخشىمى
خىلۋەتتىكى جۇپ ئورۇندۇقتا
ئېتىكىدىن لىۋەن رەنانىڭ
ئۈزۈۋالدىم يېڭى بىر سەھەر.




## ھىجران تەشۋىشى

ئۆكتەبىر نىڭ سوغۇق قوللىرى
بىتاپ قىلدى ئوتلۇق ھىسلارنى.
شۇ ىرغانلىق ئاشۇ سەھەردە
خەيرلىشىش ئەزدى دىللارنى.

تۆكۈلمەكتە بەرگىدىن خازان،
ئازابلارغا ياندىشىپ قۇرداش.
سۇس جىلمىيىپ بۇلۇتلار ئارا،
مەيۈسقىنا باقماقتا قۇياش.

نەۋ باھارنى ئۆتتى ئەسلىتىپ،
چوغ رەڭگىدە ئېچىلغان رەنا.
چەت شەھەردە ئوتلۇق قەلبىدىن،
سۆيگۈ كۈتۈپ قالدى ئابدۇللا.



# سىنىڭ ئاشۇ خاپىلاشلىرىڭ

سىنىڭ ئاشۇ خاپىلاشلىرىڭ
قىلالمايدۇ مىنى پەرىشان.
نىيەت قىلساڭ جۇدالاشماققا،
قىيداپ يۈرمەس ئىدىڭ ھىچقاچان.

سىنىڭ ئاشۇ خاپىلاشلىرىڭ
ئەجەب ئوماق، شۇنچە بىغۇبار.
چىرايىڭدا ئۈچسىمۇ كۈلكە،
كۆزلىرىڭدە تەلپۈنۈش يانار.

سىنىڭ ئاشۇ خاپىلاشلىرىڭ
ئامراقلىقىڭ سايىسى شەكسىز.
تاڭلار بىلەن بىزەپ ھۆسنىنى،
سۆيگۈم ئىشىپ بارماقتا چەكسىز.



# شائىرلىقىم ئەمەس ئەپسانە

يامىشىمەن تىك قىيالارغا،
ئەجەللەرگە يىمەسمەن ۋايىم.
بوي تالىشىپ ئېگىز تاغلاردىن،
كۆككە مەغرۇر باقىمەن دائىم.

سىردىشىمەن ۋادىلار بىلەن،
ئەڭ قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىدا.
سۆيگۈ تامغان تىنىقلىرىمدىن،
بىر سېزىم بار چۆللەر دىلىدا.

ئەمەس چېڭگىز، سىپارتاك، لېكىن
قەلبى ئوتلۇق شائىرمەن پەقەت.
نەۋائىلار ماڭغان كوچا بۇ،
ئىشقىم بىلەن ماڭىمەن ئەبەت.

شائىرلىقىم ئەمەس ئەپسانە،
ۋۇجۇدۇمدا باردۇر مىڭ قۇياش.
قەلىمىمدىن چاقنىغان قەترە
قۇم ئېرىقنىڭ سۈيىگە تۇتاش.

سۇكۇتلەردىن تېپىپ تەسەللى،
چوققىلارغا ياقارمەن گۇلخان.
مىسرالىرىم تۇرار يېلىنجاپ،
ئەيلەنسىمۇ تەنلىرىم پايخان.

# ئويبۇلاقتا تۇغۇلغان سۆيگۈ

نەلەرگىدۇر يوقالدىڭ جىمجىت
ماي ئېيىنىڭ خىلۋەت ئاخشىمى
ئويبۇلاققا سۇغا چىققان قىز.
چېچەك تېرىپ بەرگۈم بار ئىدى،
ئۆتۈپ كەتتىڭ يېنىمدىن بەك تېز.
ساڭا ئاتاپ
شېئىر يازغان قانچە - قانچە بەت؟
تۇرۇپ قاپتۇ تەھرىر بۆلۈمدە.
سېغىنىشىمنى ناخشامغا بۆلەپ
يالغۇز قالدىم بۈگۈن ئۆيۈمدە.
چىقارسەنمۇ يەنە قايتىلاپ
ئويبۇلاققا سۇ ئالىمەن دەپ،
كۆرگىنىڭدە
يېسىنىندەك شائىر يىگىتنى
قويارسەنمۇ كۆڭلىنى بەزلەپ؟
كەل
كۆرۈپ كەتكىن ئاداققى بىر رەت،
تىكلەپ چىققان قەلبىم قېتىغا
ۋەسلىڭ ئۈچۈن مەزمۇت مۇنارنى
بىرلا ساڭا بەرگۈم بار پەقەت.
بالا چېغىمدا
مومام ماڭا كۆز تەگمىسۇن دەپ،
ئېسىپ قويغان كۈل رەڭ تۇمارنى.

# ئازاب كۈيى

(بىر شائىر دوستۇمنىڭ يېقىنقى
ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن)

بىر مۇسىبەت كېلىۋىدى بېشىغا،
ئەلەم بولدى، ئۆتۈپ كەتتى جېنىدىن.
كۆڭلەپ - كۆڭلەپ خىيال سۈرەر ئۇيقۇسىز،
قورسىقى ئاچ، غىزا ئۆتمەس گېلىدىن.

تىكىلىدۇ قەپەستىكى قۇشىغا،
ئىستەپ ئۇنىڭ سايرىشىنى شادىمان.
ئەجەب بىر ئىش، قۇش چاڭىلداپ سايرىسا،
ئازاب بىلەن مۇڭغا چۆكەر شۇ ھامان.

بىر قەبرە بار، تۇرغان تەنھا چوقچىيىپ،
ئۇ كېلىدۇ ھەر كۈن شۇنداق سەھەردە.
كېتەرمىكىن ئازابلىرى ئۇنتۇلۇپ،
كىرىپ كەتسە شۇ قەبرىگە ئەگەردە.



## كۆمۈلمەس ئىز

ئاڭلىنار يىراقتىن مۇڭلۇق كولدورما،
چۆللەرنى بىر تاتلىق خىيالغا باشلاپ.
ئۆتىدۇ بۇ يەردىن كارۋانلار توپى،
قۇملارغا ساناقسىز ئىزلارنى تاشلاپ.

كۆمۈلمەس ئىزلار بۇ ئەسىر ـ ئەسىرلەپ،
بار ئۇندا تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تاشلىرى.
قەلبىگە شىجائەت، سۆيگۈ چىللايدۇ،
جەسۇر قىز نۇزۇكىنىڭ تۆككەن ياشلىرى.

بار ئۇندا خوجىلار توپىلاڭلىرى،
ياقۇپ بەگ قالدۇرغان ئەلەملىك داغلار.
كۇچىيىپ خەلقىنىڭ ئاھۇ زارلىرى،
پەلەككە تۇتاشقان ئەجەللىك چاغلار.

بۇ ئىزلار سۆزلەيدۇ تارىخنى چىندىن،
رەڭۋازلىق قىلچىمۇ ئەسقاتماس ھامان.
كارۋانلار توختىماي ماڭار مەنزىلگە،
ئۇپۇققا تۇتاشقان جەڭگاھلار تامان.



# ۋەتەن قەدرى

بىلدىڭمۇ ۋەتەننىڭ قەدرىنى ئىنسان،
ۋەتەنسىز يۈرۈشنىڭ دەردىنى ئىنسان.
ھۆرلۈكۈڭ، ئەركىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن
زەھەرلىك مىتىلەر قەھرىنى ئىنسان.

ۋەتەندۇر زىننىتىڭ، ۋەتەندۇر بەختىڭ،
تىكلىنەر ئۈنىڭدىن شانۇ شەۋكىتىڭ.
ۋەتەندۇر ئېتىقاد، ۋەتەن كېلەچەك،
ۋەتەنلا غولىماس مۇقەددەس تەختىڭ.



# مەن شەھەردىن يىراق بىر جايدا

چەت سەھرانىڭ خىلۋەتلىرىگە
توپا بولۇپ چېچىلدىم.
كۆكلەپ چىقتى جىسمىمدىن
سانجاق - سانجاق نوتىلار.
قېنىپ - قېنىپ سۈمۈردۈم شەربەت
ئانامنىڭ كۆزلىرىدەك بۇلاقلاردىن.
باھار بىلەن تەڭ
پورەك - پورەك ئېچىلدىم.
ئۆگىنىمەن پەلسەپىنى
سىنىپ، ياتاق، ئىشخانىلاردىن،
ياتىاق قاپلىغان چاتقاللىقلاردىن،
قۇياشنى يۇدۇپ كېتىۋاتقان
سەكسەن ياشلىق بوۋاي، مومايدىن.
يېزا
شەھەرلەرنىڭ يىتتۇرۇپ قويغان
سەبىي كەچمىشى.
ئۇندا قۇشلار، دەريالار،
كالا، قويلار، ۋادىلار
ئورۇنلايدۇ
مارس تىلىدا بىر سىمفونىيىنى.
شەھەرلىكلەر تونۇماس بەلكىم،
تونۇسىمۇ ئاي شارى مېنى.
سىڭمەكتىمەن چەت سەھرادىكى
لاي توپىنىڭ قات - قاتلىرىغا،
رىۋايەتتە دەپتىكەن شۇنداق:
«تۇنجى ھايات ئاتالغان لايغا»
ئەجەب ئەمەسقۇ ئايلىنىپ قالسا
سەھرادىكى

شۇ توپىلار خۇشبۇي ئىپارغا.
. . . .
مېنى سوراپ قالساڭلار
مەن شەھەردىن يىراق بىر جايدا.



## بوۋاي ، دەرەخ ، مەن

كۆل بويىدا يېگانە دەرەخ،
بولۇپ قالغان يالىڭاچ، قاقشال.
ئولتۇراتتى دەرەخ ئاستىدا
زۇمرەت سۇغا كۆز تىكىپ بىر چال.

قوللىرىنى پۇكۇپ خىيالىي،
نېمىلەردۇر چىقاتتى ساناپ.
ئېغىر - ئېغىر ئۇھسىنىپ گاھى،
ساقىلىنى قوياتتى سىلاپ.


مېھرىم بىلەن قارىدىم بىر پەس
بوۋاي بىلەن قاقشال دەرەخكە.
مەيىن شامال سۆيۈپ يۈزۈمنى،
كېتىپ قالدى ئۇلار تەرەپكە.

مەنمۇ ئاستا ماڭدىم يولۇمغا،
قىيالماستىن ئاخىرقى بىر رەت.
«مۆڭگۈغا پاتقان بۇ دىلكەشلەرنىڭ،
ئۇزۇپ قويماي خىيالىنى دەپ» .

# ياشلىق سۆيگۈسى

كېتىپ قالغىن، كېتىپ قال تېزرەك،
ھېسلىرىمنىڭ شىۋىرغان، قىشى.
ئۆيغا پاتقان مۇڭلۇق قەلبىمنىڭ،
تۆكۈلمىسۇن ھەسرەتلىك يېشى.

بۇ ھاياتنىڭ چاقچاقلىرىنى،
چۈشىنەلمەي ئۆتتۈمغۇ توۋا.
ياشلىقىمنىڭ گۈلگۈن دەملىرى،
بەر ماڭىمۇ بىر دەستە سوۋغا.



# شاراب بەندىسى

كەل ئىچەيلى قان رەڭلىك شاراب،
شوخ تەبەسسۇم ئۇينىسۇن لەۋدە.
يالۋۇرمىغىن، ئارچىلار پاناھ،
دەرۋازىۋەن تۇسسا ئەگەردە.

كوچىلاردا ئالتە مىڭ تاكسى،
باشلاپ بارار ياخشى قاۋاققا.
بەر قولۇڭنى چىقايلى بىزمۇ،
ھېچقىسى يوق بىر ۋاخ تاماققا.

ئىچكۈم كېلىپ تۇرغان خېلى رەت،
تۇسۇمىغىن بولۇپ كېتەي مەس.
بۇ يۈرەكنىڭ چاڭقاق كۆز يېشى،
يامغۇرلاردەك تۆكۈلۈش ئەمەس.




# ئەجەل تەشۋىشى

ۋەھىمىدە كەتتىم ئويغىنىپ،
سوغۇق كۆلۈپ باقماقتا دەھلىز.
تۈن ئىسپىدە تاملار يىرتىلىپ،
ماڭا خىرىس قىلماقتا ئەيدىز.

يۈرىكىمنى كەتتى غاجىلاپ،
كارىۋاتلارنىڭ پۈشۈلداشلىرى.
گېزىت كۆردۈم ئاخشام بىر سائەت،
خىيالىمدا ئازاب كۈيلىرى.

كەپىلىكتە ياتار بىنالار،
گۈرۈلدەيدۇ ئەتراپ شۇ قەدەر.
بۇ كېچىدە تۇرار تامچىلاپ،
دېرىزەمدىن بىر ئۆلۈم، خەتەر.



# قەلبىم گويا خرۇستالدەك يالتىراق

تۇمان باسقان ئېگىز - ئېگىز بىنالار
دېرىزەمدىن تۇرار غۇۋا كۆرۈنۈپ.
ئاخشام ياغقان ئاپئاق قارلار شامالدا
توزۇماقتا تاكسىلارغا سۆرۈلۈپ.

ئۆتۈپ كەتتى پوچتالىيون ئاستىلا،
خېتىڭ يوقكەن، تۇرۇپ قالدىم بۈگۈنمۇ.
بىلەلمىدىم، خەت يازمىدىڭ بىرەر رەت،
ئەقىدەڭنى ياكى تۇمان باستىمۇ.

جەنۇبتىكى سەبىي، ئويچان پەرىشتەم،
قاپلىمىسۇن ئەقىدەڭنى توزانلار.
كۈتۈشلەرگە ئاداققىچە بەر چىداش،
كۆز سالمىسۇن ئىشەنچىڭگە گۇمانلار.

ئۇنتۇمايمەن، سېنى ئۇنتۇش مىڭ ئازاب،
قىينىماقتا ۋۇجۇدۇمنى ئوت پىراق.
ئۈرۈمچىغۇ تۇمانلىقكەن ئەزەلدىن،
بىراق قەلبىم خرۇستالدەك يالتىراق.



# كىچىدىكى شائىر

تۆت تامنىڭ ئىچىدە تۇرىمەن يالغۇز،
تېنىمنى قوينىغا سۆرەيدۇ كېچە.
تۇيغۇمنى شېئىرسىز قالدۇرغان ۋەھى
يۈرەكنى غاجىلاپ يېمەكتە شۇنچە.

بۇلۇڭغا قويۇلغان كىتابلىرىمدا
بار ئىدى غەيۇرلۇك، ئاجايىپ سۆلكەت.
زۇلمەتتىن قىسىلىپ ئۇتلۇق تىنىقى،
مەيۇسلۇك ئىلكىدە باقماقتا پەقەت.

ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ بۇلۇڭ - بۇلۇڭدىن،
چاشقاننىڭ يېقىمسىز كىرتىلداشلىرى.
بالقىيدۇ دەھلىزدىن چاڭقاق تىلەكلەر،
قۇيۇلۇپ بارسىمۇ ھىجران ياشلىرى.

يۇلتۇزلار نۇرىدا يۇيۇپ ئۆزۈمنى،
يازماققا تۇتۇندۇم ئەۋلىيا سۈپەت.
تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ئەتە يا ئۆگۈن،
قەدىمىي ئوغۇزلار مېنىڭدىن بىر خەت.



# غىلاب بەندىسى

(بىر دوستۇمنىڭ ئېيتقانلىرى)

ئۆيۈمنىڭ كەينىدە ئۇزۇن بىر يول بار،  
ئۆتىدۇ بۇ يەردىن ئادەملەر توپى.  
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ چۇقان - سۈرەنلەر،  
يىراقتىن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى.  
مەن سۈكۈت ئىچىدە تۇرىمەن يالغۇز،  
قولۇمدا كۆڭزىنىڭ چۈشمەس كىتابى.

ئۆيۈمنىڭ كەينىدە ئۇزۇن بىر يول بار،  
بوۋام ھەم دادىملار ماڭغان تالاي رەت.  
ئارانلا بىر ياشلىق ئوغلۇم ئۇيغۇرشاھ  
چىقماق بوپ شەرەتلەر ئۇ يولغا قەۋەت.  
بىشىمدىن ئۆتكەچكە كۆپ ئىسسىق - سوغۇق،  
ھاۋاسى تەڭشەلگەن ئۆيدىن چىققۇم يوق،  
يەنىلا ئوغلۇمنى بەزلەيمەن پەقەت.

ئۆيۈمنىڭ كەينىدە ئۇزۇن بىر يول بار،  
ھىلىلا ئۆتۈشتى ئىككى - ئۈچ دوستۇم.  
بولماڭلار چاقىرىپ مىنى ئاۋارە،  
بىلكوپمۇ بىر ئۆمۈر ياشاپ ئۆتتىمغۇ،  
تەشۋىش ھەم سوراقتىن بولمىدى پارە.  
ئۆزۈمدىن تامامەن بولدۇم ياتلىشىپ  
«شەكىل ئۆزگىرىش خاتىرىسى» دىكى گىرىگورىدەك،  
ھاياتتا باشقىچە ئارمانلىرىم يوق،  
بولدىلا، ئۇ يولغا زادى چىققۇم يوق.

# توپ سېتىش بازىرى

كۆندە كەچتە
سائەت بەشتە
قايناپ كېتىدۇ بۇ كوچا.
ئادەملەر
ئېلىپ ـ ساتىدۇ،
ھەقىقەتەنمۇ
تاپان ھەققى بەرسەڭلا
قاراڭغۇ بازارنىڭ خوجايىنلىرىغا
توپ ئالىسەن ئەرزىنىغىلا
دۇنيانىڭ ماددى ۋە مەنىۋىيىتىنى.
يايمىچىلارنىڭ ئالدىدا
كۆتۈپ تۇرار توپ سېتىلىشنى
چېچىلىپ ياتقان
ھوقۇق، بايلىق، باشقىلار. . .
ئاڭلىنىپ قالىدۇ ناگان ـ ناگاندا
ئاقساقلىغان باجگىرنىڭ
«باج تۆلە» دەپ ۋارقىراشلىرى.
لېكىن
ئاڭلىمايدۇ توپ ساتقۇچىلار،
چولىسى يوق باج تاپشۇرۇشقا،
بەك ئالدىراش بولغاچ ئىشلىرى.

شەھەردىكى بۇ بازار
غىلابلىنار قۇياش بىلەن تەڭ،
كۆندە كەچتە
سائەت بەشتە
ئېچىلىدۇ باغرى بەكمۇ كەڭ.

ئوبوروتتا
بەلكىم ھېسابلىنار
«دۇنيادىكى ئەڭ. . .»



# مىسرالىرىم سىلەرگە سوۋغات

شۇنچە سەبىي، گۈدەك ئىدىڭلار،
يەتتە ياشقا ئەمدى كىرگەندە.
مەڭزىڭلارغا سۆيۈپ ئاناڭلار،
«بالام، ياخشى ئوقۇ» دېگەندە.

يىللار شۇنداق ئۆتتى تۇيدۇرماي،
چاقچاق قىلىپ بىزلەرگە پات - پات.
مەرىپەتنىڭ داۋانلىرىدا
دىل رىشتىسى چىگىلدى قات - قات.

ئۇچۇم بولغان قۇش بالىسىدەك،
ھەر ياقلارغا ئۇچتۇڭلار رەت - رەت.
ئالبۇم كۆرۈپ يالغۇز خانەمدە،
قالدىم بۈگۈن سىلەرنى ئەسلەپ.

سېغىنىدىڭلار بەلكىم سىلەرمۇ،
قىسمەتكاردۇر رەڭدار بۇ ھايات.
مىسرا تىزىپ نامە يوللىدىم
سۆيگۈ تولغان ئوتلۇق يۈرەكتىن،
بولۇپ قالسۇن سىلەرگە سوۋغات.


# يىگىرمە بەش يېشىڭغا

(ئايالىم خاتىرىسىگە)

ئىزلىرىڭغا چېكىپ نەقىشلەر،
تولدۇڭ بۈگۈن يىگىرمە بەش ياشقا.
كۈلكە بىلەن بەرنالىقىڭدىن
ھەمراھ بولۇپ كەلدىڭ قۇياشقا.

قىسمەتلەرگە يېمەستىن ۋايىم،
كۈتۈپ ئالدىڭ يىگىرمە بەش باھار.
ياشلىقىڭنىڭ مۆلدۈرى، ئاھى
ئېزەلمىدى قەلبىڭنى زىنھار.

بار ئالدىڭدا پايانسىز ئۈپۈق،
چاقىرماقتا سانسىز چىغىر يول.
يوللىرىڭغا سالاي پاياندار،
ئىقبالىڭغا يېتىپ بار ئۇدۇل.



# شېئىر ۋە مەن

ئەزەلدىن خىيالچان بىر يىگىت ئىدىم،
خىيالىم ئۆركەشلەپ ئاققان شوخ دەريا.
توختاۋسىز چاپچىغان ئۇپقۇنلىرىدا
تاللىدىم شېئىرنى مەڭگۈلۈك ھەمرا.

يازمامدىن سۆيۈنۈپ كۈلسە ھەر يۈرەك،
مەن ئۈچۈن ئالەمچە شادلىق يوق بۆلەك.
شېئىرنىڭ ئازابلىق تولغاقلىرىدا
ئېتىقاد - ئىمانىم ھامان يار - يۆلەك.

ۋۇجۇدۇم كۈچ بەرگەچ تىنىقلىرىمغا،
تاپىمەن شېئىردىن ھەممە - ھەممىنى.
قەلبىمدىن چاقنىغان ئوتلۇق ھېسلىرىم
تارىخقا خاتىرىلەپ ماڭماقتا مېنى.



# چاقىلىقتا بىر يۈرەك قالدى

باياۋاندا قەدىم قەلئە بار،
ئۇندا مەندىن بىر قەلب قالدى،
چاقىلىقتا بىر يۈرەك قالدى.

كىروران
گۈزەللىككە بۆشۈكسەن هامان،
ئەلمىساقتىن بۇگۈنگە تامان.
ساھىللىرىڭدا
چېچەكلىرىڭ ئۇخلايدۇ پىنھان.
ئاي دالىدا تېنىگەن چوپان
گۈل ئىشقىدا يۈرەر خىرامان.

كۆنچى دەرياسى
ئاستا - ئاستا كەلدى ئېقىتىپ
مەختۇمسۇلانىڭ سۇمبۇل چېچىنى.
چوغ سورىغان ئويچان بىر يىگىت
ئۆتكۈزمەكتە مىڭ بىر ئازابنى،
جەنۇبتىكى ئۆزۈن كېچىنى.

باياۋاندا قەدىم قەلئە بار،
ئۇندا مەندىن بىر قەلب قالدى،
چاقىلىقتا بىر يۈرەك قالدى.

# سەھرادىكى شائىر مۇئەللىم

سەھرادىكى شائىر مۇئەللىم
كۆي توكىدۇ سەبىي دىللارغا.
ئىخلاس بىلەن بەرگەچكە تەلىم،
بوۋاقلارمۇ كىرەر تىللارغا.

جۈپ كۆزلەردىن چاقنايدۇ زىيا،
ساپ قەلبلەر يورۇغاچ تاڭدەك.
مېھنىتىگە قىلماستىن رىيا،
ئۇ كۈلىدۇ خۇددى باھاردەك.

شۇ توپىلىق چىغىر يوللارغا
چۈشتى ئۇنىڭ سانسىز ئىزلىرى.
خاتىرىلىنىپ قالدى قورلارغا
بال تېمىتقان ھەربىر سۆزلىرى.

ئىلھام بەخش ئېتەر ھەسسىلەپ،
گۈل غۇنچىدەك ئوماق باللار.
«كۆز تەگمىسۇن مۇئەللىمگە» دەپ،
دۇئا قىلار ئاتا - ئانىلار.

مۇشتاقلىقتا پاتسىمۇ بىراق،
ئۇ كۆيمەكتە شام كەبى ھەر ۋاق.
ۋىجدانىغا قويۇلسا سوراق،
جاۋابى شۇ: «مەن ھامان ئويغاق».

## ئاياللار ئىستىلاسى

(1)

قاغجىرىغان چاڭقاق لەۋلەر جىيىكىدە
ئۈيۈپ قالغان قان داغلىرى
بەلكىم ساڭا ئۆتمۈشۈڭنى ئەسلىتەر.
رەڭدار باغىرداقلار ئىچىدە
دىغدىراپ تۇرغان ئالمىلار
بارلىقىڭنى ھاپ ئېتەر.
تولۇپ كەتتى يەر شارى
ئايالللارغا،
ئۇلار
گۇمران قىلدى ھەممىنى:
بوۋاقنى
كۆز ئەينەك تاقىغان پروفېسسورنى،
ھوقۇق تاماسىدا يۈرگەن
بىزنىڭ مۇدىرنى.
يىقىلدى كېچە
ئايالللارنىڭ كۆكسىگە
ئەنجۈر يوپۇرمىقى ئاستىدا
كۆيدى ئوتلار لاۋۇلداپ،
قىيىندى ئۇپۇقنى ئۆلۈم دەھشىتى.


(2)

نامىسىز شەھەر بۇ
يولۇچىلار كېلىپ - كېتىدۇ،
كەتكىنىدە
تارىخنى قويۇپ كېتىدۇ.
چۆللەردىكى قۇم بارخانلىرى

بۇ ئىزلارنى يۇيۇپ كېتىدۇ،
چېچەك ئاچقان يۇلغۇنلار
بۇلارغا قاراپ
توختىماستىن كۈلۈپ كېتىدۇ.

(3)

ئەرلەرنىڭ مەھكۇملۇقى
خۇشال قىلىۋەتتى فىروئىدنى،
ئۇ كېچىچە يازدى ئولتۇرۇپ
بىر مەيدان قانلىق كۆرەشكە تولغان
تارىخنى.
ئېيتىپ بولدى شەھرىزاد
ھېكايىسىنى.



## كىملىكىم

يوللار سورايدۇ ئەسلىمىنى،
شامالللار پۇرايدۇ نەپىسىمنى،
ئورمانلار تورايدۇ قەدىمىمنى،
«سەن كىم؟» دەپ.
قۇملار ئۆرۈلۈپ يۈزۈمگە،
تاغلار تىكىلىپ كۆزۈمگە،
قۇشلار ئىشەنمەي سۆزۈمگە
سورايدۇ يەنە
«سەن كىم؟» دەپ.
دېڭىزلار توختىماي چايقىلىپ،
ۋولقانلار تىنىمسىز ئېتىلىپ،
جىگدىلەر ئۆزئارا بېقىشىپ،
قۇلاققا قۇلاقنى يېقىشىپ
سورايدۇ يەنە
«سەن كىم؟» دەپ.
ئاڭلاڭلار:
مەن شۇنداق ئىنسان،
بەگقۇلىدەك كۈچتۈڭگۈر پالۋان،
ئوغۇزخاندەك جاھان تىنچىتقان،
نۇزۇك كەبى تىز پۈكمەس قىران،
سادىر ئوخشاش ياۋغا ئوت ئاچقان،
ناكەسلەرنىڭ قېنىنى چاچقان،
چىلىشلاردا شىر يۈرەك ئوغلان.
كىملىكىم
تەكلىماكان ئېتەكلىرىدە،
تەڭرىتاغنىڭ جىيەكلىرىدە،
تارىم دەريا قايناملىرىدا،
قەدىم زامان سايلاملىرىدا
قىلىنار داستان.

# ھامىلە

ياڭرىماقتا لىرىك مۇزىكا
جىمجىتلىقنىڭ چۈشىنى بۇزۇپ،
بىر يالغۇز يۈرەك
شام نۇرىغا تۆكمەكتە شېئىر
مۇزىكىدىن ھامىلىدار بولۇپ.
تاملار سويۇلۇپ
ئىلاھى كۈيگە يېپىشتى بىر - بىر،
يېزىق ئۈستىلى تارتمىسىدىن
سەكرەپ چىقىپ قولىيازمىلار
چۈشۈپ كەتتى ئۇسسۇلغا.
ئوركېستىر
ئورۇندىدى سىمفونىيىنى،
بۇ مۇڭلۇق كېچە
كۆڭلى سۇنۇق شائىرغا
تۇغۇپ بەردى بىر شېئىر.



# ئەلۋىدا، شائىر ئاكا

(مەرھۇم شائىرىمىز روزى سايىت ۋاپاتىغا)

«روزى ئاكام كىتىپتۇ» دېسە،
دەپتىكەنمەن «چاقچاققۇ بۇ گەپ».
ئىشەنمەسكە يوق ئىكەن ئامال،
چۇلغىۋالدى مېنى مۇسىبەت.

ۋادارىخا، كېتىپسىز شۇنداق،
ئارمىزدىن ئەۋلىيا سۈپەت.
ئارمانلاردىن يېلىنجاپ سۆيگۈ،
دىلغا پاتتى مۇشتاقلىق قەۋەت.

«دېھقان ئۇچۇن» دەپلا كەلدىڭىز،
«دېھقان ئۇچۇن» دەپلا يازدىڭىز.
شېئىرىيەت قايناملىرىدا
دېھقان ئۇچۇن دۇرلار قازدىڭىز.

خوتەندە بار دېھقان ھەيكىلى،
شۇنچە شىرمەت، بەھەيۋەت، چەبدەس.
قەلبلەردە «شائىر ھەيكىلى»
تۇرىدۇ ھەم مەزمۇت، مۇقەددەس.

ئەل كۆيچىسى، شائىر ۋاپاتى
ئەلەم قىلدى مىليون ئۇيغۇرغا.
تەكلىماكان، تەڭرىتاغلىرى
ياش تۆكۈشتى ئۇنىسىز ئۇنىڭغا.

شائىر ئاكا، ئەلۋىدا سىزگە،
ۋەزىنىڭىزنى كۆتۈرمەس ئالەم.
ئۇپۇق سۆيگەن ئەرك قوشلىرى،
قەبرىڭىزدە ئەگىيدۇ ھەردەم.



# ئون بىرىنچى دېكابىر خاتىرىسىگە

چاقىرماقتا كەچلىك تانسىلار،
رېستوران ھەم قاۋاقلار يەنە.
مۇنبەردىكى ۋەزمىن شىئۇرلاش،
خۇشياقمايدۇ بۇگۈن ئەلۋەتتە.

ئەتە قايناپ كېتىدۇ شەھەر،
غەمكىنلىكتە يۇرىمەن بىراق.
كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ ماڭا،
لاتارىيە ساتقۇچى قىزچاق.

ئالدىمىزدا ئالار ئىمتىھان،
قىينىلارمىز ھەپتە ـ ھەپتىلەپ.
كەل ئاغىنە ئابلىمىت، ئەكرەم،
ئۆتكۈزەيلى جۇمەنى ئەپلەپ.



# قار ياغماقتا كوچىغا

قار ياغماقتا كوچىغا
ئاستا - ئاستا لەپىلدەپ
تەنلەر باغرىغا
قۇيۇلماقتا
كۆمۈش رەڭلىك ساداقەت.

قار ياغماقتا كوچىغا
شىئىر چىچىپ يوللارغا
ئېلىشۋالدى شاھ مەشرەپ
خالتىسىغا لىققىدە
سوپىلارمۇ ئاز - ئازدىن
ئېلىپ كەتتى ئۆيىگە.

يالاڭ ئاياغ بىر چوپان
سولاپ قويۇپ يۇلتۇزلىرىنى
ياساپ چىققى قارلاردىن
ئىلاھسىمان بىر قامەت.
قار ئادەم
بۈگۈن
تەبىئەتنىڭ ئەركىسى،
ئەتە
يۇلتۇزلارنىڭ سەركىسى.

قار چۈشىدۇ ئاسماندىن،
قار كۆچىدۇ يۈرەككە،
يۈرەك كۆچەر يۈرەككە،

ياغار بىر كۈن قار بولۇپ.
ئېرىپ كەتتى تەنھالىق
قارنىڭ ئاپئاق نۇرىدا،
ئۈچۈم بولدى تىلەكلەر
غېرىب شاھنىڭ دىلىدا،
ئىچىۋالدى ئاپقۇرلاپ
شارابىدىن ھەييامنىڭ
قىش بوۋاينىڭ قولىدا.

بۈگۈن
قار ياغماقتا كوچىغا. . .



# سۆيگۈ يادنامىسى

ئۆتمۈشتىكى سەبىي، ئويچان پەرىشتەم
كىرىپ كەلدىڭ چۈشلىرىمگە نەچچە رەت.
ئايان بولار خىرەلەشكەن كەچمىشلەر،
مۇھەببەتلىك ھاياتتىكى سەلتەنەت.

تۇتاش ئىدى دىلىمىز ۋە تىلىمىز،
ئۆتكەنىدۇق ئادەم بىلەن ھاۋادەك.
كۆڭۈل خالىي شەيتانلار ۋەسۋەسىدىن،
يانار ئىدى ۋۇجۇدلاردا ئوت تىلەك.

سۆيگۈ ئىزدەپ يۇرگەنلەرگە شۇم تەقدىر
كېلىدىكەن ئەزەلدىن بەك رەھىمسىز.
ھەر تەرەپكە كەتتۇق سالغا تېشىدەك،
قىسمەتلەرگە بويۇن ئەگدۇق ئامالسىز.

نە بۇلۇڭدا ئولتۇرسەن ژىننىدەك،
ماركس كەبى يېزىپ چىقتىم سالام خەت.
قايغۇرمىغىن، تۆكۈپ يۇرمە يېشىڭنى،
ھەمراھ بولسۇن يوللىرىڭغا ساداقەت.

كۇلكە بىلەن خۇش ئۇزايلى دۇنيادىن،
قەبرىلەردە يۇرسۇن ئەگىپ كەپتەرلەر.
شاھىت بولۇپ پاك سۆيگۈگە تۇنلەردە،
نۇرلار چاچسۇن ئۇستىمىزگە ئەختەرلەر.

مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت


# سۆيگۈ يادنامىسى

ئابدۇللا ئېلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
رلىك شياۋمىڭ قىممەت بۇيۇملار باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.75 قىستۇرما ۋاراقى: 2
2002 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىلى 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—228—07388—6/I. 2637

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-07388-6
9 787228 073887 >

ISBN 7-228-07388-6
I·2637(民文)定价:8.00元